


ئېلېكترونلۇق كىتاپقا ئايلاندۇرغۇچى:ئابرال
2007-يىلى 3-ئاينىڭ 11-كۈنى

http://ilkitap.blogbus.com

## ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچىدىن

سىز توردىن چۈشۈرۈپ كۆرىۋاتقان مۇھەممەدجان راشىدىن شېئىرلىرىدىن تاللانما نامىدىكى  بۇ شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئاساسلىقى بىلىك، ئىزدىنىش، شەبنەم،سادا قاتارلىق ئۇيغۇر تور بەتلىرىدىن كەلگەن بولۇپ،تورداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ شېئىرلارنىڭ كىلىش مەنبەسى ئىنتېرنېت بولۇپ، ئەسەر ھوقۇقى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ.بۇ ئېلكىتاپ پەقەتلا شەخسىنىڭ قىزىقىشى بويىچە ياسىلىپ، پەقەتلا ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يوللاندى. ئەگەر سىز ئاپتۇرلۇق ھوقۇقۇمغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز ماڭا ئېلخەت ياكى ئۈچۈر ئەۋەتىڭ. مەن سىزنىڭ شىئىرىڭىزنى دەرھال چىقىرىۋىتىمەن.

مېنىڭ ئېلخەت ئادرىسىم: abral@live.com     ياكى abral@live.cnۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكىتاپ تارقىتىش بلوگىدا سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنىڭ بلوگ ئادرىسىم :

http://ilkitap.blogbus.com

ھۆرمەت بىلەن : ئابرال (بىلىك ـ ئىنتىل )

2008ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى قايتا تۈزىتىلدى

# مۇندەرىجە

بىر كەلسەڭ ........ 6
تاتلىق چۈشلەردە چۈشەيمەن........ 7
ئەسكى بولدۇم ........ 9
بولسۇن ........ 11
كەل دېمە ........ 13
سىلەر ئۈچۈن شائىر بولغانمەن ........ 14
داداڭدىن ئازمىغىن يولدىن ئازساڭمۇ ........ 17
خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن ........ 19
كۆڭۈل كۆكلىسۇن ........ 20
بىرەر تونۇش بولمىسا ........ 21
كىتەر بولساڭ خوش دىمەي كەتمە........ 25
ئۆمۈر دىگەن ........ 26
كەچۈرۈڭ ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ........ 27
يادىمىزدا بولسۇن ئانىلار........ 28
تىلەمچىلەرنى تىللاپ يۈرمەڭلار........ 29
ئاشىقلارغا ئالتۇن سۆز........ 30
كەل........ 31
قورقىمەن ........ 32
ئەتە گەرچە تىرىك بولسامۇ ........ 33

روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا..........35
سەن مەندەك بولالامسەن ؟..........41
دوستلارغا..........45
خوراپات..........47
تېلېۋىزور..........51
كۆرەلمەس..........53
باللار..........55
جىمى گۇناھ ئۆزۈمدە..........60
كەپتۇدەك..........61
ياتلاشتۇق..........64
ياشىسۇن..........68
بولغىلى..........70
ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن..........72
يانچۇقۇم..........74
سەن كەتكەن كۈنى..........76
ناتايىن..........77
يىغلايمەن..........78
ئوقۇپ تۇرىمىز..........79
ئەتە گەرچەتىرىك بولسامۇ..........80
خىجالەت دۇقمۇشىدا تۇرۇپ قالدىم..........82

ئۇيغۇر تائاملىرى........................................................84
سېنى ..........................................................................87
ئەسقاتارسەنمۇ ................................................................89
كاككۇك.........................................................................90
يىراقلارغا كەتمە،ئەزىزىم....................................................91
يارىمغا مەكتۇپ ..............................................................92
ئوخشايمىز......................................................................93
ئەمما ............................................................................95
بىر كۈنى.........................................................................97
ئۆرۈمچى ........................................................................99
مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ ...............................................102
ئادەمدەك ياشا.................................................................103
رىستۇران .......................................................................105
بەرمىسەڭمۇ بەرمە قىزىڭنى ...............................................106

# بىر كەلسەڭ

مۇھەممەتجان راشدىن

مۇنداق يالغۇز قالارمىدىم ، بىر كەلسەڭ ،
تۈندە تەنھا ماڭارمىدىم ، بىر كەلسەڭ .
ئۆتكەنلەرگە يېتىملاردەك تەلمۈرۈپ ،
يىغلامسىراپ قارارمىدىم ، بىر كەلسەڭ .

ئۆزۈڭ بولدۇڭ ماڭا ئاي - يىل ساناتقان ،
خۇدا بىزنى جۈپ بولسۇن دەپ ياراتقان .
ئۆچۈر بەرمەي يوللىرىڭغا قاراتقان ،
سىنى نامەرد سانارمىدىم بىر كەلسەڭ .

پۇتلىرىمغا تىكەن كىردى ئالمامسەن ،
ئەڭ بولمىسا بىر پارچە خەت يازمامسەن .
بىر كەلمىسەڭ ئۇۋالىمغا قالمامسەن ،
ساڭا خەتلەر سالارمىدىم بىر كەلسەڭ .

http://ilkitap.blogbus.com

# تاتلىق چۈشلەردە چۈشەيمەن

تاتلىق چۈشلەردە چۈشەيمەن سەن توغۇرلۇق،نىگارىم،
بەلكىم شۇنداق بولغاندۇ سېنى ئويلاپ ياتقاچقا.
كۆيۈۋاتسام ئوتۇڭدا،ئويلىماسقا بولغايمۇ؟
ئىككىمىزدە ئەمەسقۇ هارۋا باشقا،ئات باشقا؟!

كۆرگەنلىرىم ئوخشىماس ئوتۇمدىكى ئىشلارغا،
يۈرگۈدەكمىز ئۈچىرشىپ بوستانلاردا هەر كۈنى.
كۈندە دىدار بىز ئۈچۈن مۈلكى-دۇنيا ئەمەسمۇ؟
تارتىلمامدۇ شۇ بىلەن سېغىنىشنىڭ كەلكۈنى؟

بىراق،هىجران دارىغا هەر ئىككىمىز ئېسىقلىق،
ئاڭلانمايدۇ شەپىسى بىز زارىققان ۋىسالنىڭ.
كەلگەنلەرگە بىلەلمەي ،هىجران دىگەن قانداق ئىش؟
بار ئەمەسمۇ بارچىسى ئىككىمىزدە مىسالنىڭ!

قالارمىزمۇ ئىككىمىز قىيامەتلىق دىدارغا،
كۆيۈپ -پىشىپ يۈرگىنىم كېتەرمىكىن بىكارغا.

http://ilkitap.blogbus.com

كۆيگۈنۈم يوق سىنىڭدىن باشقىلارنىڭ ئوتىدا،
بولمىساڭمۇ يېنىمدا چىققىنىم يوق شىكارغا.

سەۋەبىنى بىلمىدىم،يازغان خېتىم تەگمەپتۇ،
چۈشۈپ كەتتى ئېھتىمال،دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا.
ھىجران يەنە ئۇلغايدى،كەتتى ۋىسال يىراقلاپ.
سۇ كىرگەندەك سۆيگۈمىز بىناسىنىڭ ھۇلىغا.

يىغلاپ چىقار يۈرەكلەر شۇ ۋىسالغا يەتكۈچە،
يىگىت-قىزلار ،بىلسەڭلار ھىجران دىگەن مانا شۇ!
تاتلىق چۈشلەر چۈشەيمەن شۇ ھىجراننىڭ ۋەجىدىن،
ئۆزگەرمىدى ئۆزگىگە،يەنە كۆرسەم يەنە شۇ!

تومۇزلاردا تىرىكمەن،ئوتلىرىڭدا ئۆلمىدىم،
مەيلى يايرىم،سەن ئۈچۈن يەنە كۆيۈپ پىشايمەن.
ئۆرۈلمەمدۇ بۇ ھىجران بىر ۋىسالغا،ئېيتقىنا،
قاچانغىچە سەن ئۈچۈن تاتلىق چۈشلەر چۈشەيمەن؟!

# ئەسكى بولدۇم

بۇغدىيىڭنى تېرىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم ،
ئوتۇنۇڭنى يېرىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم .
ساغاي دېسەڭ سىير بولدۇم سىنىك ئۈچۈن،
پۇتلىرىمنى كېرىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم .

تاتلا دېسەڭ سلاپ قۇيدۇم دۈمبەڭنىمۇ ،
چېپىڭغا نان سېلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
ئۆزۈمدە يوق ئۈننى ئەلدىن تىلەپ يۈرۈپ،
ساڭا بۇلماق چېلىپ بىرىپ ئەسكى بولدۇم.

ساغلىقلىرىك تۇغماي قالسا مەندىن كۆردۈڭ،
ساڭا قوغۇن تىلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
تۇمۇزلاردا سىنى يەلپۈپ قولۇم تالدى،
مۇزدەك دۇغاپ قىلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

كىم قويۇپ ماڭا بۇنداق مالايلىقنى ،
ئېتلىرىڭنى بېقىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
كىرلىرىڭنى يۇيۇپ بەرسەم رەھمىتىڭ يوق،
كىگىزىڭنى قېقىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم .

‹خۇپ بولدى!› دەپ دۈشمەنلىرىم خۇش بولۇشتى

ساڭا ياڭاق چېقىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم .

تۆككەن تەرىم بىكار كەتتى ئەگىزلەردەك،

ساڭا ئابرۇي تېپىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

# بولسۇن

گۈل بولساڭ گۈلگەخاس پۇرقىك بولسۇن،
ئۇنەرگە خاس كەينىگدە ئۇرقىك بولسۇن.
ئۇلگەنگدۇر ھىممەتلىك ھەسەل ھەرسى،
كۆل بولساڭ .ئۇزەرگە بىلقىك بولسۇن.

ئاسماندا ئاي بولغىن كۆن بولالمساڭ،
ئىسسقلىك بولمىسا يۇرقىك بولسۇن.
ئاسماندا ئاي بولساڭ ئۇنۇتما يەرنى،
باي بولساڭ يادىڭدا چۇرقىك بولسۇن.

ئىنسانغا تەس كۆن يوق تىلەپ يېيىشتىن،
شۇندىمۇ چىرايلىق تىلكىك بولسۇن.
ئىلاھىم باي بولغىن باي بۇلالمساڭمۇ،
بۇغديىك بولمىسا تىرقىك بولسۇن.

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل كەينى تىكەندۇر،
شۇ سەۋەپ كەينىڭدە قۇلقىك بولسۇن.
دوستۇڭغا بىرەرگە يۇركىك تەييار،
دۇشمەنگە قۇلۇڭدا بۇيىقىك بولسۇن.

بارچىدىن ئۈزاقتۇر ئەتەڭنىڭ يولى،
مىنەرگە .ئۆمۈتلەر ئۈلقىك بولسۇن.
قەدىرسىز قالغاننىڭ كۈنى قىيامەت،
سۆيبولساڭ ئاقارغا ئېرقىك بولسۇن.

تىلىڭنىڭ تىزگىنى بېشىڭنىڭ بەختى،
قازنىڭ بولمسا تۈۋۈقىك بولسۇن.
باتۇرغا بارچىدىن سەگەكلىك قىممەت،
كۈندۈزمۇ ياقارغا چىرقىك بولسۇن.

نۇمۇسقۇ ئىنسانغا نۇمۇستىن ئۆلۈش،
ھۇشۇڭدىن كەتسەڭمۇ تىنقىك بولسۇن.
ئۆمۈرلۈك ئۈزۈلمەس مۇنار بولساڭمۇ،
يېنىڭدا ئايرىلماس يۆلكىك بولسۇن.

# كەل دېمە

كەلدىمە،كۆڭلۈم،سىنى سۆيمەيدىغاننى كەل دىمە،
ئايدا-يىلدا بىركىلىپ كۆرمەيدىغاننى كەل دىمە.
كۆيگىنىڭنىڭ كۆڭلى نەدە،كۈنلىمە بىلمەي تۇرۇپ.
تۆت يىقىڭدا چوغ بولۇپ كۆيمىگەننى كەل دىمە.
سەن ۋاپادىن ناخشا ئېيتساڭ،جور بولالمىدۇ بىۋاپا.
گەپ-سۆزۈڭگە شۇ سەۋەپ كۆنمەيدىغاننى كەل دىمە.
ياخشىلىق كۆرمەس كىشى سۆيمەس نىگارغا يالۋۇرۇپ.
ياخشى يارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغاننى كەل دىمە.
ئاھ،ئۇرۇپ يۈرمە نادان،كەتكەن نىخگارنىڭ كەينىدىن.
يۈر،دىگەندە سەن بىلەن يۈرمەيدىغاننى كەل دىمە.
ئايىنىغاندا قۇرغۇيۇڭ كەلگەيمۇ ئىندەككە يەنە.
سەن تۇرۇپ نەلەرگىدۇر ئۈنلەيدىغاننى كەل دىمە..~@!

# سىلەر ئۆچۈن شائىر بولغانمەن

بۇ دۇنياغا تەگرىم چاچقان ئاددى بىر دانىمەن،
ئەتىمالىم ، ئەلمىساقتىن شۇڭا دېھقانمەن .
قەلەملىرىم ئۆمۈر بويى ئانىلارغا قۇل،
دىمەك ئاۋال سىلەر ئۈچۈن شائىر بولغانمەن.

خىياللىرىم كىزىپ يۈرەر مەھەللەگلارنى،
بىلمەيسلەر،ئۆيۈگلاردا كۈندە مېھمانمەن.
يوشۇرمايمەن يۈرىكىمنى،بىلگۈگلار كەلسە،
شوئارىم شۇ تەشناغا سۇ،ئاچلارغا نانمەن.

پەزىلەتتە ئانىلارنى كامالەت دەيمەن،
لىكىن ئۆزەم دىيانەتتە جىمىدىن خاممەن.
ئارمىنىم بار، دەرمىنىم يۇق ،شۇڭا سىلەرنى،
تەسۋىرلەشكە كەچۈرۈگلار،تالايدىن كاممەن.

تونۇرلاردا پىشقۇم كىلۇرسىلەر نان ياققان،

قايدا بولسام سىلەر بىلەن بىرجان بىر تەنمەن.

چىنپۈتمەيمەن ، نۇربار،دىسە يازغانلىرىمدا

لېكىن ئۆزەمسىلەر ئۈچۈن يېقىلغان شاممەن .

سىلەر سوزغان لەغمەنلەرگە تاپالماي تەسۋىر،

ياشلىقىمدا قانچە قىتىم داغدا قالغانمەن.

سىرلىرى شۇ ئەل ماختىغان شائىرلىقىمنىڭ،

مەن ئىلھامنى سىلەر ياققان ناندىن ئالغانمەن.

ئۈۋۈسىدىن ئۇچقان قىزلار ئانا بولماقچى،

شۇڭا قىزىم شەرىپكە بەزمە قۇرغانمەن.

تاللا، دىسە بۇ دۇنيالىق تۆھپىكارلارنى،

ئەڭ ئاۋلى ئانىلارغا چاۋاك ئۇرغانمەن.

ئانىلار سىز ئامىتىممۇ ، قامىتىممۇ يوق ،

سىلەر بىلەن خەمەك تاشلاپ،پىلەك يايغانمەن

قىلىپ قۇيۇپ ئەزىز ئانا <<قىلما>>دىگەننى،

يوشۇرمايمەن كۆندە تىنەپ،كۆندە قايغانمەن.

چاڭقىغاندا ،ئانام تۇتقان چۆمۈچنى كۆرسەم،
قانچە قىتىم سۇ ئىچمەيمۇ سۇغا قانغانمەن .
بىرتال چىچى كۆيۈپ كەتسە قىزىق تونۇردا،
چىدالماستىن مەنمۇ شۇئان كۆيۈپ يانغانمەن.

قەيسەرلىكنىڭ سىلەر بەرگەن قىلىچى بىلەن،
تالاي جاپا مۇشەققەتنى يولغا سالغانمەن.
قانداق روناق تاپتىڭ؟دىگەن سوئال نەھاجەت،
چۈنكى سىلەر ماڭغىن دىگەن يولدا ماڭغانمەن.

ئانىلارنىڭ دۈشمىنى يۇق شايتاندىن ئۆزگە ،
زۆرۈر بولسا، بىغىڭلارغا قاشامەن تامىمەن.
تەبرىكلەيمەن ئەلدىن ئاۋال بايرىمىڭلارنى،
چۈنكى،ئەسلى سىلەر ئۈچۈن شائىر بولغانمەن.

# داداڭدىن ئازمىغىن يولدىن ئازساڭمۇ

داداڭنىڭ ئىسمىنى يازمايسەن ئەجەپ،
سالام خەت يازساڭمۇ،ھۆججەت يازساڭمۇ.
ئازغۇنلۇق بولمامدۇ يول تۇتساڭ شۇنداق،
داداڭدىن ئازمىغىن،يولدىن ئازساڭمۇ.

بالاڭنىڭ تويىغا يېزىپسەن باغاق،
تەكتىگە قارىسام يەنە شۇ ئىللەت.
ئۇنتىغان ئەمەسقۇ ئەزەلدىن،دوستۇم،
ئاتىنىڭ ئىسمىنى بىزنىڭ بۇ مىللەت.

دەپتىرىڭ تېشىدا تەنھا ئۆز ئىسمىڭ ،
ۋاھ،ئەجەپ ئىش قىپسەن دادىسى يوقتەك.
قەلىمىڭ ئۇنتىسا داداڭنى دائىم ،
بولمامسەن داداڭدىن ئۆزۈڭ ئۇلۇغدەك؟

ئاتىلار ئىسمىنى يازغۇلۇق ئاۋۋال،
ئاق سۈتتەك قەغەزگە ياز دېسە بىر خەت.
ئىسمىڭغا ئاتىلار ئىسمى ئۇلانسۇن،
تولۇقتۇر تەزكىرەڭ شۇندىلا پەقەت.

بالاڭمۇ قىلدۇ ئەر يېتىپ بىر كۈن،
سەن قىلغان ئىللەتنى سەن كەبى سادىر.
ئاتىمىز بار بىزنىڭ،دۇنياغا ھېچكىم،
ئاتىسىز كەلمەككە ئەمەستۇر قادىر.

# خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن

خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن.
خەتلىرىمدە مېنىڭ زارىم بار.
تاشلىۋەتسەڭ يەنە يازارمەن.
سەندىن ئۆزگە نەدە يارىم بار؟

كۆرسەتمىگىن دۈشمەنلىرىمگە،
سالما ئوتقا ياكى ئالدىراپ.
يەتمىسەڭمۇ قەدرىمگە مەيلى.
ئەقىدەمنى قىلمىغىن خاراپ.

خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن،
تاشلىغاندەك ئاچچىق ئالمىنى.
مەنمۇ شاختا بولارمەن يەنە.

تاشلىۋەتسەڭ بولۇپ قالارمەن.
تاشلىغاندەك تاشنى تالاغا.
ساڭا مۇنچە يىغلىماس ئىدىم،
ئىشقىڭ مېنى قويىدى بالاغا

http://ilkitap.blogbus.com

# كۆڭۈل كۆكلىسۇن

سۈيۈنگەننى سۈيۈپ قوي،سەندىن كۆڭلى قالمىسۇن،
بىر سۈيۈشمۇ غەنىيمەت،مەيلى قانسۇن ـقانمىسۇن.
شۇنىڭغىمۇ يىتەلمەي يۈرگەنلەرنى ئازدەمسەن،
لىۋىڭ سۆيسۇن كۆڭۈلنىڭ سۆيمەسلىكى چانمىسۇن.
ئادىيملىك سانالغان شۇنداق يۇمشاق كۆڭۈللەر،
ئاسان ئىشمۇ بىراۋغا تۇتۇپ بەرمەك مەڭزىنى.
سۆيۈپ قويساڭ بىر قېتىم ئەجەپ ئەمەس بىچارە،
بولۇپ قالسا سۈرگەندەك بۇ جاھاننىڭ پەيزىنى.
تاۋاپ دېگەن شۇ ساڭا،ساۋاپ دېگەن شۇ ساڭا،
باي بولغاندەك سەن بىلەن ئۇنتمايدۇ ئۆلگىچە.
كۆڭۈل دېگەن ئەزەلدىن كۆكلەش ئۈچۈن يارالغان،
ئالدىرايدۇ شۇڭلاشقا سۆيۈنگىچە سۈيگۈچە.
ئەگىپ يۈگەن بىراۋنىڭ كۆڭلى قالغان يامانىدۇر،
كۆڭۈل دېگەن قىزىل گۈل ئۈزمىسەڭمۇ پۇراپ قوي.
ئۇنتماپتۇ دەپ قالسۇن بىر كۈنلىرى يىراقتا،
يازغانلاردىن سالام ئېيت كەلگەنلەردىن سوراپ قوي.

# بىرەر تونۇش بولمىسا

ئىش پۇتكۈزمەك مۇشكۇلدۇر،بىرەر تونۇش بولمىسا،
قوشۇلىدۇ شەرتكە شەرت،بىرەر تونۇش بولمىسا،
قوشۇلىدۇ دەرتكە دەرت،بىرەر تونۇش بولمىسا،
يىغلاشمۇ بار نەچچە رەت،بىرەر تونۇش بولمىسا،
ئەڭ ياخشىسى ئاستا كەت،بىرەر تونۇش بولمىسا.

بولىۋالدى خادىملار ئىشنى پۇلسىز بىجىرمەس،
مىدىرلىماس ئاز پۇلغا ،ئۇندا بىزنى باسار نەس،
ئارقا ئىشىك ئاچمىساڭ ،ئاسان ئىشمۇ بولار تەس،
شۇڭا تونۇش ئىزدەيمىز ،مېڭىپ يۈرۈپ ئىگىز-پەس.
تۈگىشىمىز پۇل تۆلەپ، بىرەر تونۇش بولمىسا.

تونۇشلىرى بارلارنىڭ بالىلىرى خىزمەتتە ،
يېقىنلىرى يوقلارنىڭ قالدى يىللاپ بىر چەتتە،
پىرىنسىپلار ،ھۆججەتلەر يوق ئەمەستۇر ئەلۋەتتە،
ھۆججەت قېلىپ بىر چەتتە ،ئىش پۈتىدۇ خىلۋەتتە،
يامان ئىكەن شۇ خىلۋەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

كۆرە-كۆرمەي دوختۇرلار ،،بالنىستتا يات دەيدۇ،
"يتىشمەيدۇ پۇل" دىسەم ،"ئۆي-بىساتنى سات "دەيدۇ،
بىر شەيتىنىم پىچىرلاپ ،رېستۇرانغا تارت دەيدۇ،
كۆڭلۈم :ئەمما ياخشىسى بىرەر تونۇش تاپ دەيدۇ،
ئۆزگە ئامال يوق پەقەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

تونۇش كىرەك جىق ئىشتا،تىجارەتتە ،سەپەردە،
تونۇش -بىلىش بولمىسا ،ھاياتىڭمۇ خەتەردە،
ئىشچى بولۇپ زاۋۇتتا رەسمىيەتنى ئۆتەردە،
قەرز ئېلىپ بانكىدىن ياكى لازىم ئىتەردە،
كار قىلمايدۇ ئاق ھۆججەت،بىرەر تونۇش بولمىسا.

تونۇش دىگەن تونۇشكەن ،يۇمشتاركەن قاتتىقنى ،
ئايلاندۇرۇپ تاتلىقتا ،ئوڭشايدىكەن ئاچچىقنى ،
يېقىنلىرى پەسكويغا چۈشۈرەركەن باشلىقنى ،
غەم باسقاندا تونۇشۇڭ باشلاپ كىلەر شاتلىقنى ،
سوكۇلدايسەن ھەپتىلەپ ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

ئەقەللىسى ئالالماي بىر پىراۋا بالامغا،
ئۆتۈپ كەتتى توققۇز ئاي قۇرۇق بارغاچ سالامغا،
پۇل سۇڭگۇتسام جۇدالىق يېتەر ئىكەن كالامغا،
تۈز سەپكەندەك بولمامدۇ ،ساقايمىغان يارامغا؟
نەدە ياردەم،نە مەدەت،بىرەر تونۇش بولمىسا؟!

بىرەر تونۇش بولمىسا،ياقا يۇرتقا چىقساڭمۇ،
مۇساپىرسەن، غېرىپسەن پۇل خەجلەشنى ئۇقساڭمۇ،
تەشۋىش بىلەن ياشايسەن ،بەتتە پولو يۇتساڭمۇ،
تونۇشلارغا يېتەمدۇ ،بىرەر ئۇستاز تۇتساڭمۇ؟
كىتەر سەندىن سەلتەنەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

بىر شەھەرگە بىر كۈنى بېرىپ قالدىم ئوينىغاچ،
تىنەپ قالدىم تۈيۈقسىز بىرەر تونۇش بولمىغاچ،
سەرسان بولدۇم ،يات كۆرۈپ سارايلاردىن قوغلىغاچ،
ئامان قالدىم تۈرمىدىن ،ياندا پۇلۇم قوغدىغاچ،
بولار ئىكەن بەكمۇ سەت،بىرەر تۈنۈش بولمىسا.

http://ilkitap.blogbus.com

ياكى مىنىڭ تونۇشۇم ۋە يا ئۇنىڭ تونۇشى ،
موھىم ئىكەن ئەيتاۋۇر بىر تونۇشنىڭ بولىشى،
نۇرغۇن غەمدىن قۇتقۇزۇپ تونۇشلارنىڭ يۆلىشى ،
پېقىرنىڭمۇ ئازايدى ،شۇڭا يانچۇق كولىشى ،
تەييار ئىكەن قاباھەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

"تونۇشتۇرۇش"دىگەندىن "تونۇش"ياخشى بوپقالدى ،
سايىسى يوق دەرەختىن قۇمۇش ياخشى بوپقالدى،
تونۇشلارنى يات ئىتىپ تۇرۇش ياخشى بوپقالدى،
يىرتىقمىغا ئەسقاتقان پۇرۇچ ياىشى بوپقالدى،
تۆگۆتەتتى مىنى يەپ بىرەر تونۇش بولمىسا.

http://ilkitap.blogbus.com

# كىتەر بولساڭ خوش دىمەي كەتمە

كىلەرىڭدە كۆيىتۈپ كەلگەنتىڭ.
كىتەر بولساڭ:خوش!"دىمەي كەتمە.
ياخشى چاغدا ياخشى يارىڭنى.
ئايرىلغاندا گۇناھكار ئەتمە.

مەندىن ئۆتكەن گۇناھ سەۋەنلىك،
يوق ئەمەستۇر سەندىمۇ بەلكىم.
رەنجىگەندە كىرەككۇ ئويلاش،
ئۆز-ئۆزىنى ئەڭ ئاۋۋال ھەركىم.

تارتىلمىسۇن ئايرىلغاندا بىز،
ياخشى ئۆتكەن كۈنلەر جازاغا.
نامەرتلىكتۇر"خوش!"دىمەي كەتكەن.
ئۇچرىغاندا سۆيگۈ قازاغا.

قاتتىق ياپما چىققان ئىشىكنى،
يىنىپ قايتا كىرىپ قالسەن.
ئىيتقانلىرىم توغرىمۇ خاتا.
بىر كۈنلىرى بىلىپ قالسەن.

# ئۆمۈر دېگەن

قىياس قىلساڭ ،ئۆمۈر دېگەن ئوخشايدۇ،
ئاتا-ئاناڭ ئاتلاندۇرغان سەپەرگە .
سەپەرلەرمۇ يېرىم يولدا توختايدۇ،
گاھ يولۇقسا كۆتۈلمىگەن خەتەرگە.

مۇنبىرى يوق، سورۇنى يوق ،سازى يوق،
ئۆمۈر دېگەن چىڭقاپ ئېيتقان ناخشىدۇر.
لېكىن ئەلنىڭ يۈرىكىگە ياقمىسا،
ئۇنداق ناخشا ئېيتمىغانمۇ ياخشىدۇر.

ئۆمۈر دېگەن ئەزىم دەريا گويا بىر ،
ئېقىپ بارار گاھى سۈزۈك، گاھى لاي.
لاي بولسىمۇ بەزىلەرنىڭ سۈيى بار،
بەزىلەرنىڭ گىياھ ئۈنمەس قۇرۇق ساي.

http://ilkitap.blogbus.com

# كەچۈرۈڭ ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ

قىز دېگەن ئۇتمەيدۇ مەڭگۇ قىيغىتىپ،
كەچۈرۈڭ ،ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.
يۈرمەيدۇ كۆرۈنگەن شاخنى ئىرغىتىپ،
كەچۈرۈڭ ،ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

بارچىدىن ئۇلارغا مۇھەببەت ئەزىز،
يوللىرى شۇڭلاشقا گاھى پەس،ئېگىز،
شۇلارنى ئازدۇرغان ،ئەسلى ،سىز،بىز،
كەچۈرۈڭ ،ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

بىرلىرى ئالدىنىپ كىپىنەكلەرگە،
تەگسىمۇ تەككەندۇ بىمەھەل ئەرگە،
كۆز تولا سەۋەبى گۆھەرگە،زەرگە،
كەچۈرۈڭ ،ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

ئايدىمۇ داغ بارغۇ ئۇلارمۇ ئايغۇ،
ئۇلارمۇ تۇنۇگۇن تۇغۇلغان تايغۇ؟
قىيغىتسا يەپ يۈرمەڭ ئۇلاردىن قايغۇ،
كەچۈرۈڭ ،ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

# يادىمىزدا بولسۇن ئانىلار

بۆشۈكلەردە ئانا تەۋرەتكەن،
بىزلەر دۈستۇم يارقان ئەمەسمۇ؟
ئاغزىمىزغا ئانا سۈتىدىن
ئانا مېھرى ئاققان ئەمەسمۇ؟

ئاغرىپ قالساق ئاقنانىدا ئاشلاپ،
دىلى كۆيۈپ،كۆزىنى ياشلاپ،
كۈندە سۆيۈپ،تۈندە باغاشلاپ،
بىزنى شۇنداق باققان ئەمەسمۇ؟

بىز يىمىسەك ئۇزى يىمەستىن،
ئاچ يۈرسىمۇ ئاچتىم دىمەستىن،
بىز كىيمىسەك ئۇزى كىيمەستىن،
يۈقنى ئىزلەپ تاپقان ئەمەسمۇ؟

يادىمىزدا بۇلسۇن ئانىلار،
ئۈيىمىزدە تۇرسۇن ئانىلار،
مەڭگۈ راھەت كۆرسۇن ئانىلار،
ئۇلار جاپا تارتقان ئەمەسمۇ؟

# تىلەمچىلەرنى تىللاپ يۈرمەڭلار

تىلەمچىلەرگە قاپاق تۈرمەڭلار،
تىلەمچىلەرنى يامان كۆرمەڭلار.
كۈندە بەرسەم كۈندە كەلدى دەپ،
تىلەمچىلەرنى تىللاپ يۈرمەڭلار.

يېتىم سىغىنار يازنى باھارنى،
يالاڭ ئاياقتا دەسسەيدۇ قارنى.
ئەجەپلەنمەڭلار قىسمەتلىرىگە،
تەغدىردۇر شۇنداق قىلغان ئۇلارنى.

تاشتىن قاتتىق ناكانىڭ كۈنى،
بىزلەر باقمىساق كىم باقار ئۇنى.
ئەما، ئاجىزنىڭ باش پاناھى يوق،
قۇرۇق قايتمىسۇن سۇنۇلغان قولى.

كەلمەيدۇ دېمەڭ شۇ كۈننى بىزگە،
تەغدىر باقمايدۇ خارغا، ئەزىزگە.
زېمىننى ئەستىن چىقارغان يامان،
يۈرمەڭ قول سۇنۇپ دائىم ئېگىزگە.

# ئاشىقلارغا ئالتۇن سۆز

ئاشىق بولساڭ ئاداققىچە بول،
قىزىل گۈلگە كۆيگەندەك بۇلبۇل.
ئاشىق دېگەن ئىشقسىز بولماس،
مۇھەببەتنى ئازدۇرمىسۇن پۇل.

دەردى تولا دىلبىرى يوقنىڭ،
ئۈزۈپ قىسقان گۈللىرى يوقنىڭ.
بۇ دۇنيانىڭ قىزىقى بىلسەڭ،
سۆيگۈسىدە ئاشىق-مەشۇقنىڭ.

ئاشىقلارغا ئالتۇن سۆز ئىكەن:
"ساداقەتنى گۆھەر بىل" دېگەن،
ئېيتىڭلارچۇ ساداقەت بولماي،
سۆيگۈ بېغى قاچان گۈللىگەن؟

چىداش كېرەك مۇشەققەتلەرگە
ۋاپا كېرەك مۇھەببەتلەرگە.
مەشۇغىڭنى سۆيەلمىسەڭمۇ،
يىغلىمىغىن تارتقان دەرتلەرگە.

http://ilkitap.blogbus.com

# كەل

كېلەر بولساڭ ئەمدى يار كەتمەيدىغان بولۇپ كەل ،
ئەگەر بولمىسا بىر ئاخشام كەچلەيدىغان بولۇپ كەل .
تۆرەلگەنمىز ۋاپادىن ، شۈبھىلەرگە نە ھاجەت ،
جاندىن كەچسەڭ ، مېنىڭدىن كەچمەيدىغان بولۇپ كەل .

ياغلىق بولسۇن قولۇڭدا كۆز يېشىمنى سۈرۈتكىلى ،
مېنى ئالداپ يالغان ئاش ئەتمەيدىغان بولۇپ كەل .
بىللە چاپقان ئۆستەڭنىڭ ھېكايىسى ئۇنتۇلماس ،
بۇ كۆڭلەرنى تا مەڭگۈ ئەسلەيدىغان بولۇپ كەل .

بىللە چېچىپ ئورۇقنى ئېتىزىغا جۇلۇكىنىڭ ،
بىللە يەنە خامانلار چەشلەيدىغان بولۇپ كەل .
كۆز ياشلارغا كىم خۇشتار ، كۆلكە بىزدە كۆپ بولسۇن ،
ئالتە كۆلۈپ ، بىر يىغلاپ پەسلەيدىغان بولۇپ كەل .

ئىنسان دېگەن دونياغا دەرت تارتقىلى كەلمىگەن ،
جۇدالىقتا دەرت ـ ئەلەم چەكمەيدىغان بولۇپ كەل .
قاچانغىچە يۈرىمىز كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ،
دۈشمەن ئاتقان تاش داڭگال يەتمەيدىغان بولۇپ كەل .

# قورقمەن

خوپ ئۆزۈك دۇنيا بىراق شەيتانلىرىدىن قورقمەن،
بى گۇناى باغلىغان ئارقانلىرىدىن قورقمەن.
قۇرۇسۇن كۆرگەن كۇنۇم شۇ ئاق نانلىرىدىن ئايرىلىپ،
ئويلىسام گاھىدا ئاچ قالغانلىرىمدىن قورقمەن.

بەرگىنىك بەرگەنگە قوشلاپ مىنى ھەيران ئەيلدى،
بەرمىگىن ئەكسىنچە جان ئالغانلىرىدىن قورقمەن.
قۇرۇسۇن كۆرگەن كۇنۇم شۇ ئاق نانلىرىدىن ئايرىلىپ،
ئويلىسام گاھىدا ئاچ قالغانلىرىمدىن قورقمەن.

نى بالالار قۇترۇشۇر، كىملەرگىدۇر تەھدىت سېلىپ،
كۇندۇزۇڭدە قايغۇ يەپ، ئاخشاملىرىدىن قورقمەن.
تۇنلىرىڭدە تۇلكە يۇرسە، كۇندە ئەلگە ئارلىشىپ،
بۆرە يوق دەپ ماختىما ئورمانلىرىدىن قورقمەن.

# ئەتە گەرچە تىرىك بولسامۇ

داۋان دەيدۇ يېرىم ئەسرنى ،
مىڭىپتىمەن،دىمەك،مەن پەسكە.
ئات سالغاندا ئاتمىشقاقاراپ،
ئېلىپ قالدىم بىر ئىشنى ئەسكە.

تىلەكلەردەك بولامدۇ هايات ،
كىم بىلىدۇ پەللىمىز نەدە ؟
ئەتە گەرچە تىرىك بولسامۇ ،
خوش!ئېيتىمەن بۈگۈن مەشەدە .

يا مەن بالدۇر ،يا سەن ئىلگىرى ،
كۆز يۇمۇمىز هامان بىر كۈنى .
يىغىسى بار ئالەم دىگەننىڭ ،
شەرت قىلمايدۇ مەڭگۈ كۈلكىنى .

http://ilkitap.blogbus.com

كەچۈر مىنى،كەچۈردۈم مەنمۇ ،
ياخشى ـ يامان دىيىشكەن بولساق .
بۇ دۇنيادىن شۇنداق كېتەيلى ،
بۇرۇن قانداق يۈرۈشكەن بولساق .

بالدۇر كەتسەم ،خەير-خوش ،دوستۇم ،
كېيىن قالسام،رازىمەن سەندىن.
خوشلاشقۇم بار كېتەردە سۆيۈپ ،
سۆيەلمىسەم ،رەنجىمە مەندىن.

# روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا

ئالتۇن تۇگمە بولمىسمۇ تونۇمدا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .
ئايرىلمايمەن چۇشۇمدە ۋە ئويغۇمدا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

دېھقان تامان تارتىپ تۇرار قەلىمىم ،
ئېتىزلارغا سورەپ تۇرار قەدىمىم .
ئاددىي قەغەز، ئاددىي سىياھ تەلىپىم ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

شۇ قەلەمدەك ئىشچان قەلەم ئاز تېپى ،
ئىشچانلىقتا بىزمۇ تالاي خام تېپى .
شائىر دېگەن بىزدە قۇرۇق نام تېپى ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

يىغلىغىنىم دېھقانلارنىڭ يىغىسى ،
دېسەڭ مەيلى: « يىغلىغىنىڭ نىمىسى؟ »
چۈنكى دېھقان شېئىرىنىڭ تېمىسى ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

خوتەنلىككە ياقىنىمۇ شۇ قەلەم ،
تەڭرىتاغنىڭ باقىنىمۇ شۇ قەلەم .
ئەلدىن ئابروي تاپقىنىمۇ شۇ قەلەم ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

ئەلدىن ئازماق بىزگە گۇناھ، ئەيىبتۇر ،
ئەل سۆيمىگەن شائىر قەلبى مېيىپتۇر .
ئەل يولىدا كەتكەن شائىر شېھىتتۇر ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

شۇلار بىلەن بىللە مېنىڭ تىنىقىم ،
سۇ ئىچەرگە بىللە قۇدۇق ، ئېرىقىم .
بىللە مېنىڭ تەرگەن بۇغداي ، تېرىقىم ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

ئاچ قالمەن ئاچ قالغاندا شۇلارمۇ ،
تاسقىلمەن تاسقالغاندا شۇلارمۇ .
باي بولمەن باي بولغاندا شۇلارمۇ ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

بىللە باردىم شۇلار بىلەن بازارغا ،
بىللە باردىم مېيىت چىقسا مازارغا .
تويلىرىدا يەنە باغاق يازارغا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

سۇ توشۇيمەن شۇلار تىككەن گۇللەرگە ،
ئوخشىتىمەن قىزلىرىنى هورلەرگە .
يامغۇر سوزلۇك ياخشىلارنى كۆيلەرگە ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

شائىر ئۇلۇغ كۆيچىسىدى خەلقىمنىڭ ،
دوستى ئىدى خەلقىم دېگەن هەر كىمنىڭ .
تەسەللىسى يىغلاپ قالغان قەلبىمنىڭ ــ
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

http://ilkitap.blogbus.com

شۇ قەلەمدىن ھوزۇر ئالغان دىل تولا ،
شۇ قەلەمنى تەرىپلىگەن تىل تولا .
شۇ قەلەمگە ھېرىس تولا ــ خىل تولا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

شۇ قەلەمدە ئۇ يازغاندەك يازماق تەس ،
يازغانلىرى قىلدى مېنى بىھۇش ـ مەس .
ئۇ يازغاندەك يازالمسام باسار نەس ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

سۇنۇلغاندەك گۇدەك قولى قەن ئۇچۇن ،
بېرىۋەتتىم بۇ كوڭۇلنى ئەل ئۇچۇن .
شۇ ئەمەسمۇ بايلىق دىگەن مەن ئۇچۇن ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

چاتقىم كەلمەس شائىرلىقنى شوھرەتكە ،
ئوخشتىمەن ئۇنى ئۇلۇغ مېھنەتكە .
يېزىۋالاي، كېلىك دوستۇم، سوھبەتكە ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

http://ilkitap.blogbus.com

بولغان بىلەن بانكىلاردا پۇلۇم يوق ،
ئەمىلىم يوق ، پىكاۋىم يوق،يولۇم يوق .
بولغان بىلەن مېنىڭ ئۆزۈن قولۇم يوق ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

سەھرالاردا شېئىرىمنىڭ يىلتىزى ،
شەھەرلەردە مەنزىلىمنىڭ يۇلتۇزى .
يۇرۇت تەقدىرى ـ تەقدىرىمنىڭ دەل ئۆزى ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

شۇ قەلەمنى يوقاتمايمەن ، ساقلايمەن ،
شۇ قەلەمدە قەبرىسىنى يوقلايمەن .
زورۇر چاغدا دۈشمەنلەرگە ئوقلايمەن ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

ئېزىتقۇغا ئېزىقتۇرماس پوس ماڭا ،
دېھقان بىلەن يەر ھەيدىسەم قوش ماڭا .
نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرسام دوست ماڭا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

ئۇ سويگەننى سويمەكچمەن ئولگىچە ،

سويمەكچمەن بوستانلاردىن چولگىچە .

نوۋەت كېلىپ ئەلمۇ مېنى كومگىچە ،

روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا .

# سەن مەندەك بولالامسەن ؟

ساتىرا

سەن مەندەك بولالامسەن ،
دۆڭگە سۇ قۇيالامسەن ؟
ئاناڭغا سويمىغان قوينى ،
باشلىقلا سويالامسەن ؟

قويغا ئۆزگىرەلەمسەن ،
ئىتقا ئايلىنالامسەن ؟
مەندەك ئەركىلەپ يۈرۈپ ،
باشلىق سايلىنالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
كۆككە غادىيالامسەن ؟
"بۇ ئىشىك خاتا " دېسە ،
شۇ ئان جايلىيالامسەن ؟

ئاغزىڭدا شەھەر ئېلىپ ،
بىر كۆتەك يارالامسەن ؟

http://ilkitap.blogbus.com

بىلىگىنى سىلاپ يۈرۈپ ،
مۈكاپات ئالالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
غەيۋەتمۇ قىلالامسەن ؟
ياخشىلارغا دەرت كەلسە ،
چاۋاكمۇ چالالامسەن ؟

قانچىلىك ھۆنەرۋەنسەن ،
قاپقانمۇ قۇرالامسەن ؟
ھەر دوستۇڭغا بەش ئورا ،
مەندەك كولىيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
قىزلارنى تورالامسەن ؟
دادىسى كىلىپ قالسا ،
قورقماستىن ئۇرالامسەن ؟

پايپاسلاپ سەتەڭلەرنىڭ ،
كەينىدىن ماڭالامسەن ؟

http://ilkitap.blogbus.com

ئەر يەتكەن بالاڭ تۇرۇپ ،
ئاشنا ئوينىيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
قاۋاقتا قونالامسەن ؟
ساقچىلار كىلىپ قالسا ،
مەندەك تېز تونالامسەن .

يىتىمنى بوزەك ئەيلەپ ،
يالغۇزنى ئۇرالامسەن ؟
نوچىسى كىلىپ قالسا ،
ئون تەزىم قىلالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
بازار باشقۇرالامسەن ؟
ئون تىيىن چىقىم قىلماي ،
كىگىز باستۇرالامسەن ؟

سودىگەر بولالامسەن ،
خەقنى كومىلىيالامسەن ؟

http://ilkitap.blogbus.com

داداڭ پۇل سوراپ قالسا ،
شىردەك ھومىيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
سۈتكە سۇ قوشالامسەن ؟
خەقنىڭ مۈلكىنى ، ئاستا
ئۆيۈڭگە توشۇيالامسەن ؟

ئالدىدا ئايالىڭنىڭ ،
مەندەك تىك تۇرالامسەن ؟
كۈندۈزى تاماق ئېتىپ ،
كەچتە كىر يۇيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
شۇنچە ئىش قىلالامسەن ؟
بوران چىقسىمۇ ئۇن بال ،
يىقىلماي تۇرالامسەن ؟

# دوستلارغا

يامان كۆڭلەر مەن بىلەن كەتكەي،
ياخشى كۆڭلەر سەن بىلەن بولسۇن.
مەنلا تارتاي تىكەن دەردىنى ،
قىزىل گۈللەر سەن بىلەن بولسۇن .

چوققىلارنى ساڭا ئۆتۈندۈم ،
ماڭا قالسۇن سايىنىڭ تاپىنى.
تەغدىر ساڭا تاۋار تون ياپسۇن،
ماڭا قالسۇن ئەسكى چاپىنى.

مەن ياسىغان كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭ،
مىنىڭ ئۆچۈن ياساپتۇ دەپ ئۆت .
سەپەرلەر دە قالساڭ ئۇلاغسىز،
هاپاشلاشقا يەنە مىنى كۆت .

مەن تۇرغاندا غەم قىلىپ يۈرمە ،
قاردا قالغان خامانلىرىڭدىن .

http://ilkitap.blogbus.com

غەلۋىر تۇتۇپ ئۆزۈم ئايرىيمەن .
چەشلىرىڭنى سامانلىرىڭدىن .

ئاي چىللىسا مەن قالاي سەن چىق ،
ئايدا دوستۇم بار دەپ يۈرىمەن .
پەخىرلەنسە ئەللەر مۆلكىدىن ،
مەن دوستلاردىن پەخىرلىنىمەن .

دورىمايمەن ئاغزى دوستلارنى،
ئاغرىپ قالساڭ قەلبىم يىغلايدۇ ،
سەندىن ئاياپ تاپقانلىرىنى .
مېنىڭ قولۇم دۇنيا يىغمايدۇ .

بىر نان تاپسام يېرىمى سېنىڭ ،
تەڭ ئۆلىمىز ئاچلىقتىن ئۆلسەك .
يالغۇز كۈلۈش ياخشى ئىش ئەمەس،
تەڭ كۈلىمىز توقلۇقتىن كۈلسەك.

# خوراپات

مۇخەممەس

يەريۈزىنى ئارىلاپ بىزنى تاپقان خۇراپات،
جىمى ئەلدە شاللىنىپ بىزگە ياققان خۇراپات،
نادانلىقنىڭ تونىنى بىزگە ياپقان خۇراپات،
گادايلىقنىڭ ئۇرۇقىنى بىزگە چاچقان خۇراپات،
"بەخت"دېسەك بېرەلمەي بىزدىن قاچقان خۇراپات.

تىگشاپ باقسام ۋەزنى: خانىقادا يات ، دەيدۇ،
كىيىپ ئۇزۇن پېرىجە، قوپماي تەسۋى تارت،دەيدۇ،
ئاياللارنى يۈزۈڭگە قارا چۈمبەل ئارت ، دەيدۇ،
ئۆمۈر بويى بازاردا ناسۋال، ماتا سات ، دەيدۇ،
تۈگەل تۈتقان يولىدا ئەگىز ئاققان خۇراپات.

"تەقدىر"دەيدۇ،باشلايدۇ بىزنى ئۇدۇل قەبرىگە،
ھەققەتنى تېگىشەر سالا قىلىپ سەبرىگە،
قول قوشتۇرۇپ تۇرماقنى ئۇدۇم قىلدۇق نەۋرىگە،
كۆنۈپ كەتتۇق شۇڭلاشقا تاغدەك جاپا-جەبرىگە،
دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا بولدى قاپقان خۇراپات.

http://ilkitap.blogbus.com

«تاشقا چاچقىن، بەختىڭدىن كۆر»نى ئەلگە ئۆگەتكەن،
خۇراپاتتۇر ئەجىرسىز قىلىپ بىزنى تۆگەتكەن،
ئاياللارنى غەپلەتتە مەڭگۈ ئوچاق پۈۋلەتكەن،
تىرىكلىكنى ئەزەلدىن تەقدىر بىلەن كۆزەتكەن،
«ئالغا» دېسە ئاران بىر سەرراپ ئاچقان خۇراپات.

تىلاۋەتنىك، ئىخلاسنىك ئەڭ ياخشىسى شۈكۈر، دەپ،
پەرەنجىنى پەزىلەت، ناشۈكۈرلەر كۇپۇر ، دەپ،
كېلىشۋەرسۇن بىز بىلەن ئاشۇ ئەسكى سۈپۈر ،دەپ،
ئايغا چىقماق بولغاننىك يۈزلىرىگە تۈكۈر، دەپ،
ئايدا يۈرسە ئىنسانلار، ئۇخلاپ ياتقان خۇراپات.

شۇ ئىخلاسنى ئۇلۇغلاپ پىتىپ كەلدۇق پاتقاقتا،
بۇدۇنيادا ئايلاندۇق ئەڭ ئالدىنقى ئاخماقتا،
"يامان"دېسە جۇرئەت يوق كەچتە كىگىز قاقماقتا،
ئىسكەنجىگە كۆنمىسەك، باغلاپ سۆزلەر ئەخلاقتا،
جىمى ئىشنى بىر ئەپلىك دىنغا چاتقان خۇراپات.

ئارا ئايدا توي قىلسام ، كېتەرمىشمەن ئايرىلىپ،
شامدا خوراز چىلىلسا، ئۆلەرمىشمەن جايلىنىپ،:
ــقەغەز تۈتساڭ تەرەتكە قالارمىشمەن ئايلىنىپ...

http://ilkitap.blogbus.com

لايىقلاشماي زامانغا، لايغا پاتقان خۇراپات.

يۇرسەم ياخشى بولارمىش مازارلارنى ئارىلاپ،
كىملەر ئىچتى، كىم چەكتى؟ يۇرسەم ياكى مارىلاپ،
ئىچىپ قويسام بىر شىشە،"دەھرى" دېدى قارىلاپ،
تالايلارنىڭ مېنىڭدەك يۇرەك- باغرىن يارىلاپ،
بوران بولۇپ شاخلاردىن غورا قاققان خۇراپات.

ئامراق كېلۇر ئەزەلدىن جاپاسى يوق بىنەمگە،
ئىخلاسى يوق زاۋۇتقا، قىزىقسىمۇ گىلەمگە،
قويۇپ بەرسەڭ قايتماقچى ساپان بىلەن سۆرەمگە،
ئۇسۇل ئويناپ ھارمىدى ئەجەپ كونا سەنەمگە،
ياستۇقدا قەدىمنىڭ خورەك تارتقان خۇراپات.

تىرىكىدە سۆرەتكە چۈشسە گۇناھ بولارمىش،
ئاخىرەتتە ئۇ بىزدىن ئۆزىگە جان سورارمىش،
يىرىك دېسە زاغرىنى، خۇدا شۇئان ئۇرارمىش،
ھوقۇش قونغان مەھەللە سۇ بولسىمۇ قۇرارمىش،
نادانلارغا بىھۇدە گۇناھ ئارتقان خۇراپات.

http://ilkitap.blogbus.com

يانچۇقىدا پەتنۇا، بۇرمىلايدۇ قۇرئاننى ،
ئىلغىمايدۇ خۇراپات نومۇس بىلەن ۋىجداننى،
شېھىتلەرنى تىللايدۇ، جىقراق بەرسە بىر ناننى،
تۆرەلگەن ئۇ دۇنياغا بېقىش ئۈچۈن بىر جاننى،
ئون ئۈچ ياشلىق قىزلارنى پۇلغا ساتقان خۇراپات.

تۇرسا بىزگە بۇ ئالەم تۆت ـ بەش كۈنلۈك قونالغۇ،
ياسالمىساق بىر لامپا، ياكى دەزمال، ئۈنئالغۇ،
قاشقاقلىقتا كۈن ئۆتسە خەلقىمىزگە ئۇۋالغۇ؟؟؟
مارسلارغا ئۇچقانلار ئايغا سالدى تۇرالغۇ...
پۇتىمىزغا ئەزەلدىن پالتا چاپقان خۇراپات.

# تېلېۋىزور

ئېلان بېرىپ زېرىكتۈردۈڭ ، تېلېۋىزور ،
زېرىككەننى تېرىكتۈردۈڭ ، تېلېۋىزور .
يالغان بىلەن لاپنى قوشۇپ يۇغۇرۇپ ،
ئېكرانىڭدا بىرىكتۈردۈڭ ، تېلېۋىزور .

ساختا دورا سەندىن ئالدى مەدەتنى ،
ساختا سۈرەت كىرىشتۈردۈڭ ، تېلېۋىزور .
بولۇۋېلىپ پۇل بەرگەنگە قول ـ دېدەك
ساختا كەسىپ يۈرۈشتۈردۈڭ ، تېلېۋىزور .

بولۇۋالدىڭ ھاراقكەشكە كۆپپاڭچى ،
بۇ ئىشنىمۇ كېلىشتۈردۈڭ ، تېلېۋىزور .
زادى داۋا يوقتەك ماختاپ ھەممىنى ،
چىشىمىزنى قېرىشتۈردۈڭ ، تېلېۋىزور.

ياخشى ئىدىڭ ياش چېغىڭدا ئەجەپمۇ
ئۇنى نەگە يىغىشتۇردۇڭ ، تېلېۋىزور ؟
يەڭ ئىچىدە قىلغىنىمنى بىلمەس دەپ ،
بىزنى كىمگە سىلىشتۇردۇڭ ، تېلېۋىزور ؟

ئېكرانىڭدا ساختا چولپان كۆپەيدى ،
كۆڭلىمىزنى ئىلەشتۈردۈڭ تېلېۋىزور .

http://ilkitap.blogbus.com

پاختەك بىلەن قارىغوجىنى بۇلبۇل دەپ ،
شەرەپشانغا ئېرىشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور .

پۇلغا سېتىپ ناخشىلارنى بى سوراق ،
« تەلەپ - تەقدىم » ئۇيۇشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور .
كىمدىن بىزار بولساق ، بىزنى شۇنىڭغا ،
كۈندە يۈز رەت كۆرۈشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور .

باغاق يېزىپ تەكلىپ قىلسا سەھراغا ،
ئاۋۋال پۇلنى سورۇشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور .
پىكىر يازساق پەرۋايىڭ يوق زەررىچە ،
كالپۇكىڭنى پۈرۈشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور .

دەپ تۇرساقمۇ ئەگەشمە ، دەپ شەيتانغا ،
كۈندە قەدەھ سوقۇشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور .
كۆرۈپ قالغاچ بۇ كەسپتىن پايدىنى ،
تىللىساقمۇ ، تىنىچ تۇردۇڭ ، تېلپۈزور .

ئېلانچىنى يالغۇز ئۆزۈڭ سۆيمەستىن ،
بىز بىلەنمۇ سۆيۈشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور .
ئەل ياقتۇرماس شۇ يايمىنى ، ئېيتقىنا ،
سەن نېمىشقا يېيىشتۇردۇڭ ، تېلپۈزور ؟!

http://ilkitap.blogbus.com

# كۆرەلمەس

قۇسۇر ئىزدەپ پۇراپ يۈرەر كۆرەلمەس،
دۈشمىنىڭدىن سوراپ يۈرەر كۆرەلمەس،
ئىزلىرىڭدىن ئەخلەت ئىزدەش ئادىتى،
ئەسكى يىپلار ئۇلاپ يۈرەر كۆرەلمەس.

غەيۋەت قىلۇر كىرىۋېلىپ قاۋاقتا،
ھەسەت قىلۇر ساڭا تاتقان تاۋاقتا،
چىدالماستىن ساڭا چالغان چاۋاكتا،
ساڭا ئورا كولاپ يۈرەر كۆرەلمەس.

ئەمەلدارنى قارا قويۇق تىللايدۇ،
خىيالدا ئۆزى ئەمەل خىللايدۇ،
ياخشىلارغا يامانلىقنى چىللايدۇ،
يوللىرىڭنى توراپ يۈرەر كۆرەلمەس.

تارلىق قىلار ئەتلەس كىيسەڭ ئۇچاڭغا،
ھەسەت قىلار چاچقان ئەتتىر ئۇپاڭغا ،
ئاغرىپ قالار گىلەم سالساڭ سۇپاڭغا،
لەۋلىرىنى شۇراپ يۈرەر كۆرەلمەس.

http://ilkitap.blogbus.com

ھەسەتخۇرلۇق يوشۇرۇنغان پەيلىگە،
مەلئۇن بولار قويۇپ بەرسەڭ مەيلىگە،
پەخەس بولغىن، ماشىناڭنىڭ كەينىگە،
ياندۇرماققا بۇراپ يۈرەر كۆرەلمەس.

http://ilkitap.blogbus.com

# باللار

بىز كۆيگەندەك كۆيەمدىكىن باللار،
بىزنى بىزدەك سۆيەمدىكىن باللار؟
ئەجىر قىلدۇق،ئەجىر دىگەن ئۇلۇغ دەپ،
شۇ ئەجىرنى تۆلەمدىكىن باللار؟

بالا،دىسە بىرىپ كەلدۇق جىمنى،
كەپتەر باقسا توشۇپ بەردۇق دىننى،
ئۆي ئايرىسا سوقۇپ بەردۇق تىمنى،
شۇ ئىشلارنى بىلەمدىكىن باللار؟

ھەيدەپ بەردۇق زىغىر،قوناق،كۆزگىمۇ،
ئېيتمىسامۇ بۇ ئىش مەلۇم سىزگىمۇ
جاھان تۈتۈپ بىركۈنلىرى،بىزگىمۇ-
بىز بەرگەندەك بېرەمدىكىن باللار؟

قىرغا كەتتى قىزلىرىمدىن بىرى يەپ،
كەتتى ئوغلۇم نەگە؟ دىسەم ئۇۋغا!دەپ،

http://ilkitap.blogbus.com

يىراقلاردىن تەلمۈرىمىز ھەپتىلەپ،
سېغىنغاندا كېلەمدىكىن باللار؟

قاداپ بەردۇق چىنلىلىرى چېقىلسا،
تىكىپ بەردۇق ئۈستى بېشى يىرتىلسا،
يۆلەپ قويدۇق ئىچىپ كەيىپ يىقىلسا،
بىزنى شۇنداق يولەمدىكىن باللار؟

ياشاپ كەلدۇق ملك تىرىلىپ،ملك ئۆلۈپ،
گاھىلىرى ئون يىغلىساق بىر كۈلۈپ،
مۇشەققەتنىك ئوتلىرىدا ئورتىلىپ،
بىز كۆڭگەنگە كۆنەمدىكىن باللار؟

سۇغارماستىن سايە بەرگەن سىددىنى،
ئويلىماستىن بىزدەك باغرى زىددىنى،
ئېلىپ قالسا ئەمما پۇلنىك ھىددىنى،
يەنىمىزدا ئۆنەمدىكىن باللار؟

بەزىلەر بار: ھاي دىسەكمۇ تىڭشىماي،
تېپىپ يۈرەر ئۆز يولىنى ئوڭشىماي،

قانداق قىلسۇن ئاتا-ئانا غىڭشىماي؟
ئاقنى چىكىپ ئۆلەمدىكىن باللار؟

كۆك ئاسماندىن كوڭلى يەرگە چۈشەلمەي،
كۆرۈپ تۇرۇپ ھالىمىزنى چۈشەنمەي،
بىز ئۆرگەن يانچۇقلارغا ئىشەنمەي،
ئۆزى كىلىپ ئۆرەمدىكىن باللار؟

ئۇلار بىزنى ئۆل! دەمدىكىن،بىلمىدۇق،
ئۇلار بىزنى قۇل دەمدىكىن، بىلمىدۇق،
ئۇلار بىزنى پۇل دەمدىكىن بىلمىدۇق،
ئۆلسەك ھوزۇر سۇرەمدىكىن باللار؟

تالاي قىزلار تۇگەشتىغۇ پۇلنى دەپ،
ئالۋاستىغا ئەگەشتىغۇ پۇلنى دەپ،
يامانلارغا يۆگەشتىغۇ پۇلنى دەپ،
شۇنى يامان دىمەمدىكىن باللار؟

مودا دىسە ئاشۇ قىزلار دوم چۈشتى،
مەيخانىدا مەس بولغۇچە مەي ئىچتى،

http://ilkitap.blogbus.com

ئېيتىڭلارچۇ،مودا كىيىپ كىم ئۆچتى،
يالاڭغاچمۇ يۈرەمدىكىن باللار؟

بىزنى گاداي قىلىۋەتتى تويلىرى،
ھەشەمەتتۇر تامام خىيال-ئويلىرى،
ئۇنىمساق تۆتۈپ قالار خۇيلىرى،
ياخشى گەپكە كىرەمدىكىن باللار؟

بېقىپ بەردۇق بالىسىنى نەۋرە دەپ،
بىر جاسارەت بولغاچ بىزدە سەۋرى دەپ،
قارىمىدۇق ئۇنى جاپا-جەبرى دەپ،
بىزدىن رازى بولامدىكىن باللار؟

رىسقىڭ بىزدىن بولىۋەرمەس لوق دىسەڭ،
ئوز چوتۇڭنى شۇڭا ئۆزەڭ سوق دىسەڭ،
ئامدى ساڭا بىرەرمىز يوق دىسەڭ،
گېلىمىزدىن بوغامدىكىن باللار؟

قەدىمدە رەستۇرانلار كۆزلەنسە،
ئەل ئاغزىدا يامانلىقى سۆزلەنسە،

http://ilkitap.blogbus.com

ھەشەمەتتە نامراتلىقنى يۈزلەنسە،
يەنە بىزدىن كۆرەمدىكىن باللار؟

بېقىپ قويدۇق يۇرت بالىسى بولسۇن دەپ،
پەرۋىش قىلدۇق گۈل-بالىسى بولسۇن،دەپ.
ئاغرىپ قالساق بىزدىن رازى بولسۇن،دەپ،
بېشىمىزدا تۇنەمدىكىن باللار؟

مەيلى ئۆتسۇن ئۇلار بىزنى جەبىرلەپ،
ئۆلۈپ كەتسەك قويار ئەمما قەۋرىلەپ،
قەۋرىمىزگە،شۇنداقتىمۇ قەدىرلەپ،
قىزىل گۈللەر تېرەمدىكىن باللار؟

# جىمى گۇناھ ئۆزۈمدە

كۆيمىگەنگە كۆيگەن گۇناھ ئۆزۈمدە،
سۆيمىگەننى سۆيگەن گۇناھ ئۆزۈمدە.
قۇلىقىمغا قىسىپ يۈرەر مېنى دەپ،
خام خىياللار سۈرگەن گۇناھ ئۆزۈمدە.

چىقالمايمەن رەستىلەرگە بىمالال،
مەن باقسامۇ، يار باقمىسا نە ئامال؟
يار يۈرىدۇ يۈزلىرىگە چېكىپ خال،
نامەرد بىلەن يۈرگەن گۇناھ ئۆزۈمدە.

دوستلار: يارىڭ يامان! دېسە ئىشەنمەي،
يامان ئاتقا مىنىۋېلىپ چۈشەلمەي.
سۆيۈپتىمەن بىر ياماننى چۈشەنمەي،
ئەلدىن ئەزىز كۆرگەن گۇناھ ئۆزۈمدە.

تۆلكە كەپتۇ، دېمەك مەندىن گۈل سوراپ،
بېرىپتىمەن بۇ كۆڭۈلنى ئالدىراپ.
كىشى كەلمەس مەندىن ئەمدى ھال سوراپ،
بۇ كۆڭۈلگە باققان گۇناھ ئۆزۈمدە

# كەپتۇدەك

بىزنى يەنە بىر ئۆمەك گوللىغىلى كەپتۇدەك.
پۇل خەجلىسەك «ئىلغار»دەپ يوللىغىلى كەپتۇدەك.
پىچىر-پىچىرگەپ تولا:كۆتۈۋالسا كىم ياخشى،
ئەڭ ئاۋۋىلى شۇلارنى قوللىغىلى كەپتۇدەك.

«مۇپەتتىش»كەن ئاتىقى،مېھمانخانا ياتىقى،
قانىمغۇچە ئويۇنغا ئېچىلمايدۇ قاپىقى،
ئىچىۋالسا ئاز ئەمەس مۇلازىمغا چاتىقى،
ئۇنىمىسا ئۇلارنى زورلىغىلى كەپتۇدەك.

كىمدە بولسا ئەمەل-تاج،شۇنىڭ بىلەن گېپى بىر،
ئوينايدىغان مەشرىپى،چالىدىغان دېپى بىر،
تارتىدىغان ئوغلىقى،مىنىدىغان ئېتى بىر،
شۇلار بىلەن يەپ-ئىچىپ ئوينىغىلى كەپتۇدەك.

http://ilkitap.blogbus.com

بىزنىڭ باشلىق چىلىك چىقتى:باشلىۋېتىپ سەيلىنى-
قوشۇپ بىرىپ قىز-چوكان،تارتىۋالدى مەيلىنى،
(هاڭرالماسكەن ئىشەكمۇ مايلاپ قويسا كەينىنى)،
ماراپ يۈرۈپ قىز-جۇۋان ئوۋلىغىلى كەتتۇدەك.

شەنبە كۈنى يىشىل باغ ئۇلار ئۈچۈن خىزمەتتە،
قىلىشمايدۇ شەنبىدىن يەكشەنبىمۇ ئەلۋەتتە،
قاتارلىشىپ پىكاپلار تاغقا ماڭدى رەت-رەتتە،
چۈنكى ئۇلار بۆرە بوپ قوي يىگىلى كەتتۇدەك.

تىلى بارۇ،سۆزى يوق پۇقرالارغا ياققۇدەك،
ئۆزى بارۇ،كۆزى يوق نامراتلارغا باققۇدەك،
لازىملىقنى ئۆزىگە ئەمما پۇراپ تاپقۇدەك،
بىزگە ياقماس بىر ناخشا توۋلىغىلى كەتتۇدەك.

قۇلاقلىرى بار،ئەمما ئەرز،ئىنكاس تىڭشىماس،
ئون كەلسىمۇ نامراتنىڭ هال-كۈننى ئوشماس،
تاپىنىدا ئۇلارنىڭ ئەسلا خامان يۇمشىماس،
خۇيى تۇتسا پۇقرانى تىللىغىلى كەتتۇدەك.

يالغان قايسى،راست قايسى؟بىلىپ تۇتۇپ ئۈنچىقماس،
قۇرۇپ كەتكەن ئېتىزنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۈنچىقماس،
ئەگىز سۇدا كۆندە قول يۇيۇپ تۇرۇپ ئۈنچىقماس،
ئۆزگىنىمۇ ئۆزىدەك بولغىنىغا كەپتۇدەك.

ساھىپخاننى قىستاركەن قىشتا قىمىز تاپقىن دەپ،
بايتاللىرىڭ بولمىسا،ئاتلىرىڭنى ساغقىن، دەپ،
بۆيرۈيدىكەن ئورماندىن قىرغاۋۇللار ئاتقىن،دەپ،
بىر سىلىق ئالۋاڭغا بۆيرۈغىلى كەپتۇدەك.

# ياتلاشتۇق

يامان كۆنلەردە تۇققانتۇق ،روناق تاپقاندا ياتلاشتۇق ،
پالاستىن تەستە ئايرىلساق ،كىگىز باسقاندا ياتلاشتۇق .
سارايلار بۇزدىمۇ بىزنى ،گىلەم ئاسقاندا ياتلاشتۇق ،
تامام ئۇنتۇلدى ھەم زاغرا ،توغاچ ياققاندا ياتلاشتۇق ،
ئۇچۇپ چىقتۇق دىسەك كۆككە ،قانات قاققاندا ياتلاشتۇق .

تىزىق مۇنچاق ئىدۇق بىزلەر ئانام بويندىكى گويا ،
سۆزۈك ئالما ئىدۇق بەش تال .ئاتام قويندىكى گويا .
ئۇچار قۇشلار ئىدۇق ھەمدە ئەشۇ ھويلىدىكى گويا ،
تۆگەل لەغمەن ئىدۇق ياكى كۆمۈش چويلىدىكى گويا ،
بىراق ،بىزنى جاھان ھەريان ئۇزۇپ تارتقاندا ياتلاشتۇق .

ئوتتۇن تەرگەن ئىدۇق بىر چاغ يۇرۇپ جاڭگالدىمۇ بىللە ،
بوران چىقسا ،ماكان ئەتكەن ئىدۇق ئازگالنىمۇ بىللە .
ئېكىن ئەكتۇق چىپىپ كەتمەن ،چېقىپ داڭگالنىمۇ بىللە ،

باراتتا بىللە بولغانتۇق ،ئېيتىپ رامزاننىمۇ بىللە ،
چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ ئەمدى ،ئوتتۇن يارغاندا ئايرىلدۇق .

ئانام كەتتى بىرەر ئۆيدە تۆرۈك تۆت كۈن تۇرالماستىن ،
ئېلىندى تاختىغا نانلار ،ئازاپلاندى سورالماستىن .
دادامغا ،مەنمۇ كەتكۈزدۈم ،بىر ئوغلاق سويالماستىن ،
مىراس ماجراسىغا چۈشتۇق تېخى قىلچە ئۇيالماستىن ،
شۇلار ھەسرەت بىلەن نىمجان تىنىپ ياتقاندا ياتلاشتۇق .

زۆرۈر بولسا مالاي قىلدۇق ،شۇلارغا نەۋرە باققۇزدۇق ،
كىلىنلەر چاچ سوقۇپ يۈردى ،شۇلارغا ناننى ياققۇزدۇق .
تېزەك ياققاننى ئاز كۆرۈپ ،شۇلارغا ئۆچكە ساققۇزدۇق ،
تېخى غەلۋارىدۇق بەزەن ،جاھاندا يوقنى تاپقۇزدۇق ،
باقار چاغدا باھانە كۆپ ،بەدەر قاچقاندا ياتلاشتۇق .

ئاتا كەتتى ،ئانا كەتتى ،دىمەك بىزدىنمۇ يازكەتتى ،
قېرىنداشلىق بىناسىنىڭ يامان يېرىگە دەز كەتتى .
ئېچەرگە ئاش ،كىيەرگە تون ،چالارغا بىللە سازكەتتى ،
ئارادىن سەلتەنەت تاجى ـ ئاجايىپ ئىمتىيازكەتتى ،
شۇلار كەتتى ،يوغان ھويلا غېرىپ قالغاندا ياتلاشتۇق .

http://ilkitap.blogbus.com

ئۇزاق ئۆتمەي سۈكۈت پۈتتى ،مىراس ۋەجدىن گەپ چىقتى ،
بىرى ئەلچى قويۇپ چىقسا ،بىرى ئاشكارادەپ چىقتى .
بىرىدە يەڭ شىمايلاغلىق ،بىرى چەيدو بىلەن چىقتى ،
هازازۇل نەپسىمىز ئاخىر جىمى ئىشنى سۆرەپ چىقتى ،
قىرىق يىللىق قېرىنداشلار مىراس ئالغاندا ياتلاشتۇق .

شۇنىڭدىن بېرىكى كۈنلەر ئۆتەر هېچكىمنى خوش قىلماي ،
قويامدۇ غۇم-ئاداۋەتلەر ئارادا يازنى قىش قىلماي ؟
تىنىقتىنمۇ تولا <كوت ـكوت>كېسەكنى كەلدى خش قىلماي ،
يۈرەر شەيتان توشۇپ گەپ-سۆز ،ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئىش قىلماي ،
نىزا گۈلخانلىرى دىلدا كۆيۈپ يانغاندا ياتلاشتۇق .

خوتۇنلار پادىشا بولدى سېنى بەللەپ ،مېنى بەللەپ ،
خوتۇنلارغا <خوتۇن >بولدۇق،ئېغىز ئاچساق قوپار <سەن>لەپ.
كېلىنلەر بىر چېنە چاينى ماڭا بەرگەن بىلەن دەملەپ ،
ئاتار كەينىمدە غەيۋەتنىڭ يەنە ئوقيارىنى دەللەپ ،
شۇلارنىڭ كەيندىن بىزمۇ تۈگەل چاپقاندا ياتلاشتۇق .

ئۆگەندۇق ئەرزىمەس ئىشقا تۇرۇپ قىيداش ،يامانلاشنى ،
ئۆتەرمىز ئۆچرىشىپ قالساق ،ئارانلا لىڭشىتىپ باشنى .
قېرىنداشلىقنى كىم بىلگەن بۇ خىل ئاسان تاماملاشنى ،
نىزادا ئۆتتى ھېيت-ئايەم ،قىلالماي جەم قېرىنداشنى ،
ئىناقتۇق كەپىدە ،تىۋۋا ،ساراي سالغاندا ياتلاشتۇق .

قېرىنداش بوپ يارالغانلار تامام بىزدەكمىدۇ دەيمەن ،
قۇيۇنلار قۇترىغان ياكى دالا -تۈزدەكمىدۇر ،دەيمەن .
بىغىدا ھېچ باھار ،ياز يوق ،خازان كۆزنەكمىدۇر ،دەيمەن ،
دىلىدا قىلچە ئاپتاپ يوق ، سۆزى مۇزدەكمىدۇر ،دەيمەن ،
يۇمۇپ كۆز بارچە نۇقساندىن -تۈگەل تانغاندا ياتلاشتۇق

# ياشسۇن

يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشسۇن ،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشسۇن .
ئۆزى ئالماي ، يامبۇ ياغسا ئاسماندىن ،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشسۇن .
چاۋاك چالماق بىزدەك شائىر تۈمەنمىڭ ،
ئادالەتنى كۈيلىگەنلەر ياشسۇن .
قايدا يېتىپ ،قايدا قوپسا ۋەتەندىن ،
ئۆزگە خىيال سۈرمىگەنلەر ياشسۇن .
ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرت تارتىپ ،
ئۆزى راھەت كۆرمىگەنلەر ياشسۇن .
يوقسۇزلۇقتا ئوتى ئۆچكەن يالغۇزنىڭ ،
ئوچىقىنى پۈۋلىگەنلەر ياشسۇن .
ھالىدىن كەتكەن غېرىپلارنىڭ بېشىدا ،
چىراغ يېقىپ تۈنىگەنلەر ياشسۇن .
پەرىشتىدىن شەيتان تولا بەزىدە ،
ئېزىتقۇغا كۆنمىگەنلەر ياشسۇن .
سىنىغىدا تۈمەن تۈرلۈك سۆيگۈنىڭ ،
ئاۋال يۇلنى سۆيمىگەنلەر ياشسۇن .

http://ilkitap.blogbus.com

مال-دۇنيانىڭ پىراقىدا كۆل بولۇپ ،
ئوت-چوغىدا كۆيمىگەنلەر ياشىسۇن .
تەزىم قىلغىن بىلگەنلەرگە قەدرىڭنى ،
ئەمگىكىڭنى كۆممىگەنلەر ياشىسۇن .
ئۇنتۇلمىسۇن ئارمان بىلەن كەتكەنلەر ،
ئۈمىدلىرى ئۆلمىگەنلەر ياشىسۇن .

http://ilkitap.blogbus.com

# بولغىلى

كەلمدۇق بىز بۇ جاھانغا ئەھلى دەۋران بولغىلى،
كەلمدۇق شۇنداقلا ،يىغلاپ ۋەيرۇ ۋەيرانە بولغىلى.
ھەر كۆكلۈلدە بىر تىلەك ،سانسىز تىلەك ناكا بىراق ،
ئەرزىدۇق شۇنداقتىمۇ ،بۇ يولدا كارۋان بولغىلى.
يەر يارالمىشتىن بۇيان ئالەم نىزادىن ساق ئەمەس ،
كەلگىنىن بىلمەس كىشى تۆت كۈنچە مېھمان بولغىلى .
چىقتى بىزدىن قارغىغانلار ناقۇسۇر ئالتۇننىمۇ ،
ئويلىساڭ ،ئاسان ئەمەس ھەر كىمگە ئوبدان بولغىلى .
ھاۋشىغان ئىت خۇلقىنى ئىنسان بويىدا يوق دىمەك ،
يارىلىشتا بەزىلەر تاس قاپتۇ ھايۋان بولغىلى .
توۋا دەيمەن ،ئۇچرىغان چاشقاننى ئۆلتۈرمەكتە يوق ،
بەزىلەر قۇتراپ يۈرەر ھايۋانغا سايۋەن بولغىلى .
ياخشىلار ئۆز رىزقىنى تاپتى تامام ئۆز ئەجرىدىن ،
كەلمگەن ھېچكىم لېكىن شۇلارغا ھەيران بولغىلى .
قۇل يارالغانمىز --دېدى كىمدۇر بىراق --تەقدىر ئۇچۇن ،
تويغىچە بەرگەنگەن نان ئۆلگىچە سايمان بولغىلى.
بەرمىدى دەپ تەڭرى تەڭ ئاقىل ئەمەس ئاغرىنغىنىڭ ،

ساڭا كەلمەكتە بىقىپ ،زاغراڭمۇ ئاق نان بولغىلى .

تاشتا ئۈنگەن گۈل ۋۇجۇدى بىزگە ئۆرنەك ئۆلگىدۇر ،

تاغمۇ تەييار ئىشلىسەڭ ،بىزلەرگە ئايۋان بولغىلى .

ئارزۇ ئەيلەيدۇ بىراۋلار ،ئارمىنى ئاندىن ئۇلۇغ ،

بارچە ئىنسان رىزقچۈن ھەر جايدا بىر دان بولغىلى .

بىرلىرى ،ئەپسۇس ،بىراق ئۆتمەكتە ئارمان ئىلكىدە ،

ئەيشى-ئىشرەت ئەھلىنىڭ بويىنغا مارجان بولغىلى .

دۆڭ -ئېدىر ھەسرەتتە دەيدۇ تاغ بولالماي بوي سوزۇپ ،

چۆلدە قۇملارمۇ ،كۆرۈڭ ،ئويلايدۇ بىر جان بولغىلى .

تارت ئۆزەڭنى بەس كۆڭۈل ،شۇ غەيرىلەرنىڭ كەينىدىن ،

كەلمىدىڭ سەن بۇ جاھانغا ئەھلى دەۋران بولغىلى.

# ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن

## ساتىرا

ئىشتىن بالدۇر كېتىشسەڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن،
قايسىڭ ئىشقا كېچىكسەڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.
كېچىكمەمسەن خىزمەتكە، يېتشۈەرسەڭ چىرمىشىپ،
بىر كارۋاتتا يېتىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.

جان يېرى بار ئادەمنىڭ، ئوخشار ئاڭا مائاشمۇ،
ئۇندىن قۇسۇر تېپىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.
بۇندىن ئۆزگە تەدبىرنىڭ، ئانىسىنى تۇمەنمىڭ...!
مىنىڭ بىلەن ئېيتىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.

ئىنتىزامىڭ بولمىسا كۆندە كېسەل بولمامسەن،
بالىنىستا يېتىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.
ئىدارىگە يولاتما ، ئەمدى بالا-چاقاڭنى،
بۇندا بالا بېقىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.

چىقىپ كەتسەڭ كىرمەيسەن خالا جايدىن بىر سائەت،
يىغىن ئاچسام قېچىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.
قېشىڭدىكى ئوسمىنى قاچان قويىدۇڭ، ئېيتمىدىڭ،
ئەمدى خېنە يېقىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.

گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي!مېنى كۆرسەڭ پىچىرلاپ،

قۇلىقىڭنى يېقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.

بارالايدۇ پېقىرمۇ،بارغان يەرگە ھەر قايسىڭ،

رەھبەرلىككە چىقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن

# يانچۇقۇم.

سەنمۇ پۇلغا بىر كۈنى تويارسەنمۇ يانچۇقۇم،
بىراۋلارنى پۇل ئۈچۈن سويارسەنمۇ، يانچۇقۇم.

كۆپ پۇل تاپقان يامان دەپ بىراۋلاردىن ئاڭلايمەن،
مىنى ئاخىر بىر داغدا قويارسەنمۇ يانچۇقۇم.

ئاپتۇبۇستا يانچۇقچى ئەدىپىڭنى خوپ بەردى ،
يەنە كەلسە ئۈنچىقماي تۇرارسەنمۇ يانچۇقۇم.

ياتولمايسەن تويمايسەن بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە،
پۇلغا شۇنچە ئۆزۈڭنى ئۇرارسەنمۇ يانچۇقۇم.

خېنىملارغا خەجلىسەم ئېشىپ كەتتى مەرتلىكىم،
ئىئانىگە ئۈندىسەم ئۇنارسەنمۇ يانچۇقۇم.

http://ilkitap.blogbus.com

سەرىپ قىلدىم تالاي پۇل بوتۇلكىغا سىنىڭدىن،
پۇل تۈگىسە هاراقتەك پۇرارسەنمۇ يانچۇقۇم.

قىمار ئويناپ قانمىدىم يەنە ئويناپ باققۇم بار،
سەن ئاخىرى قىماردا قۇرارسەنمۇ يانچۇقۇم.

پۇل تۇتقۇزۇپ قولۇڭغا ئۇچرىغاننى بوغ دىسە،
بۆرە بۇلۇپ، ئىت بولۇپ بوغارسەنمۇ يانچۇقۇم.

پۇلغا ئاشىق نەپسىڭنى قويۇۋەتتىڭ مەيلىگە،
پۇل بەرگەن لەر <توۋغ>دىسە تۇغارسەنمۇ يانچۇقۇم.

# سەن كەتكەن كۈنى

كۈندۈز ئىدى،گۈگۈم بولدى سەن كەتكەن كۈنى،
بوران چىقىپ شېخىم سۇندى ،سەن كەتكەن كۈنى.
يالغۇز ھۇجرام يىغلاپ قالدى،ئۆزۈمدىن ئاۋۋال،
دىمەك،پېقىر تىرىك ئۆلدى سەن كەتكەن كۈنى.

سەندىن ئۆزگە كىمنى سۆيگەي ،بۇ جاھىل كۆڭۈل،
يالغۇزلۇقتا يەنە كۆندى ،سەن كەتكەن كۈنى.
كەلگىنىڭدە تاۋۇكالىرى تەشۋىشكە تولغان،
دۇشمەنلىرىم يەنە كۈلدى، سەن كەتكەن كۈنى.
كاككۇك قونغان دەرەخلەردىن كەتتى قۇت،ئامەت،
شۇملۇق تىلەپ شۇم قۇش قوندى، سەن كەتكەن كۈنى.
غەملىرىڭدىن ئۆزگە خىيال ھارامدۇر ماڭا،
يۈرەك باغرىم قانغا تولدى ،سەن كەتكەن كۈنى.
تاغلاردىكى قارىغايلارمۇ بوپتۇ پەرىشان،
كۆكلەپ تۇرغان كۆچەت سۇندى، سەن كەتكەن كۈنى .
تارالمىغان چاچلىرىمنى سىنىڭ تۇپەيلى،
بارماقلىرىم تامام يۇلدى ،سەن كەتكەن كۈنى.

# ناتايىن

شاھلار تۈتقان قەدەھتە قۇت بولمىقى ناتايىن،

سەن ماختىغان چىنارغا قۇش قونمىقى ناتايىن.

چۆچەك ئېيىتساڭ بايقاپ ئېيىت،تىڭشىغانلار قانچىلىك،

سەن سۆيگەننى بىراۋنىڭ ياقتۇرمىقى ناتايىن.

بۈگۈن تاتلىق ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەنلەر سەن بىلەن،

تاڭلا كەتسەڭ،كەينىڭدىن ئاھ ئۇرمىقى ناتايىن.

بايلىق دېگەن بىۋاپا ، لاپ ئۇرغاننى كۆتەرمەس،

ئوقۇرىڭدا ھەركۈنى ئات تۇرمىقى ناتايىن.

بايلىق تۈگۈل، دىلكەش دەپ كىملەردىندۇر ماختانما،

تووۋلىغاندا،< لەبىەي!>دەپ تەق تۇرمىقى ناتايىن.

تالايلارنى ئازدۇردى چۈنكى، ھۆسنى دۇنيانىڭ،

شۇڭا ھەردەم ئىنسانىنىڭ ساق تۇرمىقى ناتايىن.

بىخۇت يۈرمە دوستلىرىم،بولغاندىمۇ گەرپۇلۇڭ،

بىراۋ كېلىپ يېنىڭنى ئاختۇرمىقى ناتايىن

# يىغلايمەن

سەن يوق يەردە يىغلايمەن گۈلۈم.
كۆرسەتكۈم يوق ساڭا يىشىمنى ،
راس ئەمەسمۇ ئوتتۇزغا يەتمەي،
ئاقارتتىقنى دەردىڭ بېشىمنى .

داغدا قويدۇڭ مېنى بىر ئۆمۈر،
كىرمەيدىغۇ ئىنسان مىڭ ياشقا،
بۇ دەرتلىرىڭ ئۆزەڭدىن ئاندىن ،
داۋاسى يوق ئۆزەڭدىن باشقا.

بىراۋ سېنى <<سۆيمەيدۇ!>>دېسە .
ھەجەپ باشتا ئىشەنمەيتىمەن .
ئەمدى بىلسەم سېنى يايرىم دەپ ،
تىكەنلىكتىن گۈل ئىزدەپتىمەن .

ئەلگە يىغلاش مۇمكىنمۇ بۇنى
ئەل گېپىگە كىرمىگەن تۇرسام .
ساڭا يىغلاش ئۇياتتۇ ئاندىن .
ئەل يوق يەردە قۇراي ئاھ ئۇرسام.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۇقۇپ تۇرىمىز

بىز خۇدادىن قورقۇپ تۇرىمىز،
شۇڭا ناماز ئۇقۇپ تۇرىمىز ،
سورۇنلاردا ساقىنى ئەمما،
قۇيىمامسەن دەپ نوقۇپ تۇرىمىز.

كېسەل يۇقتى قاغا قۇزغۇندىن ،
كۆرۈنگەننى چوقۇپ تۇرىمىز،
قۇلۇم قوشنا دىمەيمىز ئەسلا .
ئىلىنغاننى سوقۇپ تۇرىمىز،

ئايرىمايمىز هالال هارامنى .
يالغانىمۇ توقۇپ تۇرىمىز،
لېكىن يەنە قورقۇپ تۇرىمىز.
شۇڭا ناماز وقۇپ تۇرىمىز

http://ilkitap.blogbus.com

# ئەتە گەرچە تىرىك بولسامۇ

داۋان دەيدۇ يېرىم ئەسىرنى ،
مىڭىپتىمەن،دىمەك،مەن پەسكە.
ئات سالغاندا ئاتمىشقاقاراپ،
ئېلىپ قالدىم بىر ئىشنى ئەسكە.

تىلەكلەردەك بولالمىدۇ ھايات ،
كىم بىلىدۇ پەللىمىز نەدە ؟
ئەتە گەرچە تىرىك بولسامۇ ،
خوش!ئېيتىمەن بۈگۈن مەشەدە .

يا مەن بالدۇر ،يا سەن ئىلگىرى ،
كۆز يۇمۇمىز ھامان بىر كۈنى .
يىغىسى بار ئالەم دىگەننىڭ ،
شەرت قىلمايدۇ مەڭگۈ كۈلكىنى .

كەچۈر مىنى،كەچۈردۈم مەنمۇ ،
ياخشى ـ يامان دىيىشكەن بولساق .
بۇ دۇنيادىن شۇنداق كېتەيلى ،
بۇرۇن قانداق يۈرۈشكەن بولساق .

بالدۇر كەتسەم ،خەير-خوش ،دوستۇم ،

كېيىن قالسام،رازىمەن سەندىن.

خوشلاشقۇم بار كېتەردە سۆيۈپ ،

سۆيەلمسەم ،رەنجىمە مەندىن.

http://ilkitap.blogbus.com

# خىجالەت دۇقمۇشىدا تۇرۇپ قالدىم

يەر قاتتىق، ئاسمان ئېگىز ئامالسىزمەن،
خىجالەت دۇقمۇشىدا تۇرۇپ قالدىم.
كۆز يېشىم تۆكۈلدۇ تارام-تارام،
قىينىلىپ ئاران-ئاران نەپەس ئالدىم .

كىشىلەر سەنئەتخۇمار مىللەت دېسە،
مەست بولۇپ كېچە كۈندۈز ئويناپتىمەن.
شۇ مىللەت ئەۋلادىمەن شوخلۇقۇم بار،
نامىم ھىچ ئۆچمەيدۇ دەپ ئويلاپتىمەن.

سەۋرىدىن ھالۋا پىشار بىر كۈن دېسە ،
شۇ كۈن دەپ ئۇنى ئۇخلاپتىمەن .
باشقىلار قاناتلىنىپ كېتىپ قاپتۇ،
مەن تېخى پىيادىمەن، ئۇقماپتىمەن .

كۆز يېشىم تۆكۈلدۇ تارام-تارام ،
مەنمۇ شۇ مەنزىللەرگە يېتەرمەنمۇ؟
ۋە ياكى تۈنۈگۈنكى مىسرالارنى،
قۇچاقلاپ ئۇنىسىز يوقاپ كېتەرمەنمۇ؟

http://ilkitap.blogbus.com

خجالەت دۇقمۇشدا تۇرۇپ قالدىم،

مەن شۇنى ئويلىغاندا چېكىپ ھەسرەت.

ئۆرلەتتى غەزىبىمنى قەۋەت-قەۋەت،

قانائەت، بىلىمسىزلىك ۋە جاھالەت .

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۇيغۇر تائاملىرى

تائاملارغا خاندۇر ئۇيغۇر تائاملىرى،
بىزگە شەرىپ شاندۇر ئۇيغۇر تائاملىرى.
خاسىيەت ھەم شىپاسى بار ھەر بىرىنىڭ،
بىزگە ھۆسۈن خالدۇر ئۇيغۇر تائاملىرى.

لەغمەن، مانتا خۇمار بولدى بىر يېگەنلەر،
چىققى خېلى "پولو پىرى بىز !"دېگەنلەر.
"ئاشمانتا"غا قالدى ئاشىق مەشۇق بولۇپ،
تائاملاردىن كۆڭلى لەززەت ئىزدىگەنلەر.

گۆشنان دېگەن تائاملارنىڭ بەگ تۆرىسى،
تولغان ئايدەك چىرايلىقتۇر چەت چۆرىسى.
ئەمدى ئېغىز تېگىپ تۇرسا ئاگا مېھمان
كىرىپ كېلۇر "مەنمۇ بار" دەپ چۆچۆرىسى.

ئۇيغۇردا بار ئالەمدە يوق گۆش گىردىمۇ،
بازار تاپتى شاگخەي، بېيجىڭ ئىچكىردىمۇ...
ئۇزاقلاردىن قېرىندىشى سامسا ئۇنىڭ،
سورىمايدۇ: يازكەتتىمۇ، قىش كىردىمۇ؟

ئەتكەن چايغا جۇر كېلىدۇ ئاق نېنىمۇ،
بىللە كېلور ماي چەيلىگەن قاتلىمىمۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

ئۆرگىلىمەن قايماق سالغان يۇتازىدىن،
بولماس ئۇنى ھەممە يەردىن تاپقىلىمۇ.

چەينەك شورپا، سامپۇزىنىڭ زوقى باشقا،
نىمە يەتكەي ئاچچىق چۆچۈك ئۇگرە ئاشقا!؟
"ھېرىپ ئېچىپ كەلگەنلەرنىڭ چىن دوستى" دەپ،
داڭقى كەتتى مەنپەرنىڭمۇ تاغۇ تاشقا.

ئاڭلىغاندەك ئالەم بىزدىن راۋابنىمۇ،
كۆردى پۈتۈن قويدىن تونۇر كاۋاپنىمۇ؛
زىخ كاۋاپنى "كىمنىڭ؟" دېسە يىگەن كىشى
"ئۇيغۇرنىڭ !" دەپ بەردى دادىل جاۋاپنىمۇ.

بېھى بىلەن كىشمىش بېسىپ پولو ئەتمەك،
قىز مەڭزىدەك گىردىلەرگە كۆنجۈت سەپمەك؛
سىيادانىنى سېلىپ ياققان ئاق توقاچلار،
ھۈنەر بىزگە ئاق نانغىمۇ گۈللەر چەكمەك.

ھېيت ئايەمدە ساڭزا بىلەن ئۆپكە ھېسىپ...
شۇ ھۈنەرمۇ بوپتۇ يەنە بىزگە نېسىپ؛
تۇخۇم پوشكال، شويلىلارمۇ بىزنىڭ ئىجاد،
شۇنچە يازسام قۇيماق، پۈرە ... قاپتۇ ئېشىپ.

بىزنىڭ قولدا مۇراد تاپتى نارىن چۆپمۇ،
جىق تائامغا بولدى خۇرۇج قايماق، سۈتمۇ.
باھار كەلسە باغدىن قىزلار تېرىپ كېلىپ،
چۆچۈرىگە قارار تاپتى بىدە كۆكمۇ.

قەلىممدە مىڭ تەرىپى ھەر تائامنىڭ،
چېكتىنى قويغۇم كەلمەس "سۆز تامام!" نىڭ.
ھەر تائامنىڭ خىلى تولا، تۈرى تولا،
تەگسە ئېغىز، بايرىمدۇر ئەھلى جاننىڭ.

ماھارەتلىك سامسىپەزلەر سايراپ تۇرار،
سامسىپەزنىڭ ئىككى قولى ئويناپ تۇرار.
ئۇيغۇرلارنىڭ تائاملىرى بەرگەن لەززەت-
ئاغزىڭىزدىن كەتمەي يىللاپ، ئايلاپ تۇرار

# سېنى

ئىككى ئالەم ئىچرە جانانلار ئارا تاللىدىم سېنى ،
سۆيدى قەلبىم بارچە مەشۇقتىن گۈزەل چاغلاپ سېنى .
ئاشىقلىك ياتقايمۇ بۇ زىنداندا سەنچۇن ئاھ ئۇرۇپ ،
سۆيمىسە قەلبى ئىشق رىشتى بىلەن باغلاپ سېنى ؟!
جان چىقار ، چىقماس لېكىن ئىشقىڭ ۋۇجۇدۇمدىن مېنىڭ .
كۆرمىسەم پەرھاد كەبى تاغلاردا يىل ــ ئايلار سېنى .
زەينىپىمسەن بۇ مۇھەببەتنى ئەزىز بىلگەن ئەبەد .
كاككۇكىڭمەن ھەر باھاردا ئىزدىگەن سايراپ سېنى .
يەتتە قات دوزاقتا كۆيسەم گەر سېنىڭ ۋەسلىڭ ئۈچۈن .
شۇ ئىرۇركى سۆيگۈنۈم دوزاقتىمۇ يايراپ سېنى .
ساڭا بەرگەن بۇ كۆڭۈل ھەق ئوغلىنىڭ چىن ئىشقىدۇر ،
بۇ ئىشقتىن قايتۇرالماس دۈشمىنىم قارغاپ سېنى .
مېنى قىيناقلارغا باسقان ئەھلى ياۋۇزلار بۇگۈن ،
مەشۇقۇم ، چۆرەڭگە باقىن ، يۇرىدۇ پايلاپ سېنى .
سەن ۋاپانىڭ ئەھلى بولدۇڭ ، مەن جايانىڭ بەندىسى ،

شۇ مۇھەببەت قىلدى قەيسەر ئوتىدا تاۋلاپ سىنى .

مەن ئەمەس ، قەدرىڭگە زەپ يەتكەن يۈرەك مىليونچىدۇر ،

ئەسلى مەن سۆيگەن شۇلارنىڭ قەلبىدىن قايناپ سىنى ،

گەر شېھىت كەتسەم گۈزەل ۋەسلىڭگە مەن يەتمەي تۇرۇپ ،

كۈتىدۇ مەنچۈن شۇلار تاكى ئەسىر ، يىللاپ سىنى .

تاڭ بىلىپ نۇرلۇق جامالىڭنى توخولارمۇ ، گۈلۈم ،

قىچقىرار بۇ يۇرتقا ھەر سۇبھىدە مىڭ چىللاپ سىنى .

http://ilkitap.blogbus.com

# ئەسقاتارسەنمۇ

كۆڭۈل بەرسەم، گۈلۈم، ئاخىر سەن ماڭا ئەسقاتارسەنمۇ،
بىلىپ تۇرسام خىيالىڭنى، يەنە سەن قاش ئاتارسەنمۇ؟
تومۇزدا يەلپۈگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئەجەپ سەن يوق،
مېنى دەپ قىش ـ زىمىستاندا يولۇمغا ئوت ياقارسەنمۇ؟
تاراقلاپ ئۆتتى بىر هارۋا ئىشىكىڭ ئالدىدىن تۈنده،
مېنى يارىڭغا ئوخشاتماي يەنە ئۇخلاپ ياتارسەنمۇ؟
ئەگەرده تۈڭلىكىڭدىن ئاي بولۇپ باقسام جامالىڭغا،
شۇئان ياققان چىراقلاردەك چۆچۈپ كۆزۈڭ ئاچارسەنمۇ؟
سېنى كۆرمەككە تەشنادۇر چىرايلىق رەستىلەر، باغلار،
ئۆيۈڭنىڭ تۈڭلىكى تاركەن، قولۇڭ تارتسام، پاتارسەنمۇ؟
بىرى كەتسە، بىرى ئىزدەپ يۈرەر ئەسلى ئىشىق ئەهلى،
كۆزۈڭدىن كۈن نېرى بولسام، مېنى ئىزدەپ تاپارسەنمۇ؟
شاياتۇن كەينىگە كىرسەم، هەسەتخۇرلارغا هەمدەمسەن،
مېنى چاپ دەپ ئەگەر دۈشمەن قىلىچ بەرسە چاپارسەنمۇ؟
سۆيەر بولساڭ، ماڭا ئاۋال ۋاپانى ئىلتىپات قىلغىن،
ۋاپا دېۋانىسى، دەپ يا مېنىڭدىن سەن قاچارسەنمۇ؟

# كاككۇك

**بولامدىم ئاشىقى يارنىڭ ئىشقىنى بىلمىسەم ، كاككۇك ،**
**كۆيلىرىمنى كۆيلىرىڭگە جور قىلۇرمەن ئۆلمىسەم ، كاككۇك**
**چېچەك ئاچماس مۇرادىم بۇ ۋىسالسىز ئىككى دۇنيالىق ،**
**سىغىنغان مەشۇقۇمنى گەر قۇچاقلاپ سۆيمىسەم ، كاككۇك ،**
**جەھەننەم بولسىمۇ مەيلى ، شۇ ھىجران ئوتىدا كۆيدۇم ،**
**مۇھەببەت ئەھلى خوپ كۆرمەس شۇ ئوتتا كۆرمىسەم ، كاككۇك .**
**نىگار ، دەپ كەچكىلى جاندىن قىلىچ ئالدىدا تەق تۇردۇم ،**
**بېشىمدا ئۇشبۇ قىسمەتتىن سۆزۈم جىق سۆزلىسەم ، كاككۇك .**
**غېرىپ مەن سەن كەبى يالغۇز ، نىگارىم ئۇندا يىغلايدۇ ،**
**نىگارىم كۇلسىدى كاشكى ، ئۆزۈم گەر كۇلمىسەم كاككۇك .**
**جۇدالىقتا سۆكۈت ئەيلەپ ، ئۇمۇد ئەھلى بىلەن تۇردۇم ،**
**نىگارغا يەتكىلى بولماس ، شۇ ھالغا كۆنمىسەم ، كاككۇك ؟**

# يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم

يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم،
يىراق يەرنىڭ تەشۋىشى تولا.
ياخشى ئەمەس ئايرىلىپ ياشاش،
ئايرىلغاننىڭ كۆزيېشى تولا.

يىراقلارغاكەتمە،ئەزىزىم،
بارالمايمەن كەينىڭدىن ئىزدەپ.
يىراق يەردە سىنى دۈشمەنلەر،
ئازدۇرىدۇ ئاشقلىك بىز دەپ،

يىراقلارغا كەتمە، ئەزىزىم،
يىراق يەردىن كەلمىگەي تەستۇر،
غەملىرىڭدە مىنىڭ بۇ كۆڭلۈم،
سەن كەلگىچە تىنىچ ئەمەستۇر.

يىراقلارغا كەتمە،ئەزىزىم،
بارالمايمەن،يوللىرى يىراق.
چۈشلىرىمگە كىرگىنىڭ بىلەن،
ئويغانسام يوق ئۈگۈمدا بىراق.

http://ilkitap.blogbus.com

# يارىمغا مەكتۇپ

كېلەر بولساڭ، بوۋگۈن كەل يارىم،
تاڭلا كەلسەڭ ، بوۋچىرايىم يوق.
ئۆمۈر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ،
ياشلىق دىگەن بىزدە دائىم يوق.
ئارىسىدا يىگىت ـ قىزلارنىڭ،
بوۋگۈن كەلگىن ئەتەجايىم يوق.
تەنھالىققا كۆنمەيمەن ئەمدى ،
كەتتى كۆنلەر ياندا يايرىم يوق.
مەن تاقەتسىز تۇغۇلۇپتىمەن،
كۆپ تاقەتكە ئىقتىدارىم يوق.
بۇجاھانغا سېنى دەپ كەلدىم،
سەن بولمىساڭ ئېتىبارىم يوق.
تاڭلا كۆرسەڭ تانارسەن بەلكىم،
ئۇندىن ئۆزگە مەندە ۋايىم يوق.
قانداق كىرەي باغلارغا يالغۇز،
جەننەتكىمۇ سەنسىز رايىم يوق.

# ئوخشايمىز

ئۇلۇقلۇقتا ئىنسانلار ئاپئاق نانغا ئوخشايمىز،
بىرى تىكەن، مىڭى گۈل، گۈلىستانغا ئوخشايمىز.
خۇشاللىقى ئالەمنىڭ تۆرىلىدۇ بىزلەردىن،
كۈمۈش دېسەڭ كەم بولۇر، ئالتۇن كانغا ئوخشايمىز.

سەييارىمىز بىر بىزنىڭ، ئۈستىمىزدە بىر قۇياش،
ئىككى دۇنيا ئايرىلماس قەدىردانغا ئوخشايمىز.
كۆڭۈللەردىن كۆڭۈللەر ئىچكەن سۇنى ئوخشىتىش،
دۇرۇس بولسىمەن دەيمەن؛ خۇددى بالغا ئوخشايمىز.

تاڭ ئاتقۇچە كۈن پېتىپ، بىز بار يەردە گۇگۇم يوق.
رۇخسارىمىز ئايدىن ئۇز، ياقۇت شامغا ئوخشايمىز.
ھۆرمەت بىلەن ئىززەتنى بايلىق دەيمىز بىھېساپ،
تەسۋىرلىسەڭ، تاجى بار خۇددى خانغا ئوخشايمىز.

ياپرىقىمىز، گۈلىمىز بۇ ئالەمنى بىر ئالدى،
دەرەخ دىمەڭ، ياق تېخى يېشىل تالغا ئوخشايمىز.

http://ilkitap.blogbus.com

ئورۇن بەرمەس سەھۋەنگە ئىنسانلاردا سەلتەنەت،
ياخشىلارغا ياراشقان شەرەپشانغا ئوخشايمىز.

بىر قەتىردىن يارالدۇق، مۇھەببەتتىن تارالدۇق،
يىلتىز تارتىپ ئۈنسۈن دەپ چاچقان دانغا ئوخشايمىز.
چولپانلىرى تۈمەنمىڭ، تۇمار ئاسسا ئەرزىيدۇ،
جامالىغا ئالەمنىڭ چەككەن خالغا ئوخشايمىز.

بىز بولۇمىز ئەڭ ئاۋال يەر يۈزىنى ئويغاتقان،
تىلسىملارنىڭ كۆزىدە سۈزۈك تاڭغا ئوخشايمىز.
نەدە بولغاي ئالەمدە خەتەرلەردىن خالى يول،
دەرياسىدا ھاياتنىڭ ئاققان سالغا ئوخشايمىز.

ئىنسان دىگەن ئىللەتسىز بولمايدىكەن شۇندىمۇ،
بىرلىرىمىز نۇرى يوق غۇۋا شامغا ئوخشايمىز.
بىرلىرىمىز، مىڭ ئەپسۇس، قانائەتنى بىلمەيمىز،
پايدا- نەپنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر ھاڭغا ئوخشايمىز.

كەچۈر بىزنى گۈل- گىيا، كەچۈر بىزنى كائىنات،
بىردە باھار، بىردە قىش- قەھرىتانغا ئوخشايمىز.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئەمما

يوغان ھويلاڭنى ماختايسەن، كۆرۈنمەيدۇ ئاناڭ، ئەمما،
ئاناڭ يوق ھويلىغا ئەسلا ياراشماپتۇ باراڭ، ئەمما.
پىشۇرساڭ تۇتسىمۇ قايماق گويا ناندەك قېلىنلىقتا،
ئاناڭغا بەرمىگەن سۈتتىن رازى ئەمەس كالاڭ، ئەمما.

ئاناڭ قانماي تۇرۇپ چايغا، كوراڭ تېگى داراڭلايدۇ،
ئاناڭغا ئاشمىدى چايناي دىسە، ئۇندا شاماڭ، ئەمما.
ئاناڭ يوق ھويلىدىن خۇشكەن ئەجەپ كۆڭلى ئايالىڭنىڭ،
مومام! دەپ يىغلىسا، ئۇندىن تاياق يەپتۇ بالاڭ، ئەمما.

جېدەلگە ئايلىنۇر سۆھبەت سېنىڭ جوزاڭدا ھەر دائىم،
ئاناڭ نامىغا يۆتكەلسە ئاراڭلاردا پاراڭ، ئەمما.
كېلىنلەر مۇز چىراي بولسا، ھۇزۇر ھەردەم كىپەنلەگىلىك،
شۇنىڭغا كۆڭلى كۆنگەن ئەر ئەمەس ساغلام، ساراڭ ئەمما.

http://ilkitap.blogbus.com

ياياق كەلدى، ياياق كەتتى سېنى ھەر كۆرگۈسى كەلسە،
ئاناڭنى سۆرىمەي سۇندى بالاڭ چۈشكەن چاناڭ، ئەمما.
ئۆيۈڭدە قىشلىرى بەزەن گويا قىشلاقتىكى قويدەك،
جىمى يۇرت كۆزى شاھىتتۇر، ئۇنىڭ ئۈستى يالاڭ، ئەمما.

ئايالىڭ جىسمىدا ئالتۇن بىلەن ئەتلەس ياللدايدۇ،
ئاناڭ ئۈستىگە زەن قويساق، شۇئان چاندى چالاڭ، ئەمما.
قولۇم ـ قوشنىڭ ئۈچۈن چىقماس سېنىڭدىن بىر غۇلاچ ئارقان،
ئاناڭنىڭ بوغچىسىن چېگمەك ئۈچۈن تەييار تاناڭ، ئەمما.

پۇشايمان ئايلىنۇر تاڭلا دىلىڭدا بىر جاراھەتكە،
تۈمەن ئەپسۇستا قاقشايسەن، ساقايماس ئۇ ياراڭ، ئەمما.
بالام، دەپ بوينىغا ئالغان كۆيۈمچانلارغۇ كۆپ بىزدە،
ئانام! دەپ باغرىنى ياققان كىشى بىزدە شالاڭ، ئەمما.

# بىر كۈنى

بالاڭ ئازسا ئاھ ئۇرما يول تاپىدۇ بىر كۈنى
ئامان بولسا ئۇلارمۇ پۇل تاپىدۇ بىر كۈنى

خاتا باسقان قەدەملەر قالدۇرغاندا قەدەمدىن
ئۆزى ماڭغان چاتقالغا ئوت ياقىدۇ بىر كۈنى

گەدەنكەشلىك ھىچكىمدىن ئۇدۇم ئەمەس ئۇلارغا
ئۆزى كىلىپ ئالدىڭغا گەپ ئاچىدۇ بىر كۈنى

ئات بولغىچە ئاساۋتاي ھەريان چىپىپ باقمامدۇ
ئۇلارغىمۇ بۇ دۇنيا يۈك ئارتىدۇ بىر كۈنى

ئاقنى چەككەن ئاغزىدا ئوقۇپ ئەپسۇس پۇشايمان
قاراپ ئۇلار كەينىگە ئۇھ تارتىدۇ بىر كۈنى

بۈگۈن پاتماي يۈرگەنلەر كوچىلاردا تۈن بويى
چىللىسىمۇ كوچىلار جىم ياتىدۇ بىر كۈنى

http://ilkitap.blogbus.com

تەييار توقاچ قولۇڭدىن يەۋەرمەيدۇ ئۇلارمۇ
ئۆزلىرىمۇ ئۇن تارتىپ نان ياقىدۇ بىر كۈنى

بۇ ئالەمدە ھەر ئىشنىڭ سائىتى بار ۋاقتى بار
خۇددى سەندەك ئۆي تۇتۇپ ئۆيي قاقىدۇ بىر كۈنى

كۆندۈرىدۇ بۇ جاھان تالاي ئىشقا ئۇلارنى
ئۇلار چاپقان ئۆستەڭدە سۇ ئاقىدۇ بىر كۈنى

بىز ئوينىغان نۇرۇزنى بىزدەك ئويناپ ئۇلارمۇ
ئىزىمىزدا ئىلگىرلەپ ئات چاپىدۇ بىر كۈنى

پىشانەڭگە ئاسماندىن ئىللىق قۇياش نۇر چاچسا
يۈرىكىڭگە بالاڭمۇ نۇر چاچىدۇ بىر كۈنى

سەن ئاتاڭنى ئاناڭنى ئۆتكەن بۇلساڭ ئەزىزلەپ
ئوغۇل-قىزىڭ ئۇستۇڭگە تون ياپىدۇ بىر كۈنى
شۇ ئىشلارنى كۆەلمەي ئۆلۈپ كەتسەڭ ئامال يوق
ھايات بولساڭ مەيدەڭگە گۇل تاقايدۇ بىر كۈنى
يامان دىسەڭ بالاڭنى كىم بىرىدۇ ياخشنى
ھازىر يامان بۇلسىمۇ ئەسقاتىدۇ بىر كۈنى

# ئۈرۈمچى

ھوزۇرۇڭدا بىرمەھەل يۈرۈپ قايتتىم ئۈرۈمچى
ياخشىلاردىن -ياخشىلىق كۆرۈپ قايتتىم ئۈرۈمچى
يامانلاردىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى
يانچۇقلۇرۇم بەك بالدۇر قۇرۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى
بىر ئىشلارغا ئۆزۈمچە كۈلۈپ قايتتىم ئۈرۈمچى

ماختىغانلار كۆپ سىنى، مەنمۇ شۇنداق ماختايمەن
ماختىمىسام قانداقچە ھەق ئادەمگە ئوخشايمەن
بۇنەزمەمدە ۋەلىكىن كەچمىشىمدە توختايمەن
يوشۇرمايمەن كۆرگەننى يالغان گەپنى قوشمايمەن
گاھ تالادا، گاھ ئۆيدە قونۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى

توسۇۋېلىپ ئۆتكۈزمەي بوسۇغاڭغا بارغاننى
سەندە كۆردۈم سەرەپكە ماشىننى سالغاننى
ئانچە-مۇنچە سۇ پۇركۈپ تالاي پۇلنى ئالغاننى
ئېيتقان بولسام ئۆلەيمەن بۇ توغرىدا يالغاننى
دەرت -ئەلەمگە شۇ سەۋەپ تولۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى

http://ilkitap.blogbus.com

ئىككى مىنۇت سۇ چېچىپ، تۆت شىلانكا تۆت ياقتىن
بولدى قىلدى چېچىشنى ، سۇ چۈشكىچە تۆت چاقتىن
دەرىزىلەر تۇسالدى ئېقىپ چۈشكەن پاتقاقتىن
دەسمانلانماي شۇپىتى چىقىپ كەتتۇق قاپقاقتىن
ماشىنامنى مەن شۇنداق يۇيۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى

مېھمانخانەڭ كۆپ ئېكەن، كىرىپ كەلدىم بىرىگە
خالتام بىلەن بوغچامنى ئارتىپ ئىككى مۈرىگە
مۇلازىملار ھۆمايدى يولۇققاندەك بۆرىگە
ھومايسىمۇ مەن دۆتمۇ چىقىپتىمەن تۆرىگە
سىلكىۋىدى نۇمۇسقا ئۆلۈپ قايتتىم ئۈرۈمچى

كۈتكۈچىلەر بىر ئاددى خادىم ئەمەس خان ئېكەن
زاكۇنلۇشۇپ يەڭمەك تەس، مۇتىھەمكەن قان ئىكەن
بىزدەكلەرگە چىرايى خۇددى قاتتىق نان ئىكەن
چەتئەللىككە ئەركىلەش ئەمما شەرەپ - شان ئىكەن
شۇڭا سەندە تۆت كۈنلا تۇرۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى

http://ilkitap.blogbus.com

ھەر دوقمۇشتا جەرىمانەڭ ئۆتۈپ كەتتى جىنىمدىن
قۇربان بولدى ئون كوي پۇل، ھەر دوقمۇشتا يىنىمدىن
كەتكەن پۇلۇم كۆپ بولدى سەندە يىگەن نىنىمدىن
پۇل مۇھىمكەن داۋلىدىن ، دىسەم ئالدى گىلىمدىن
مەن سىنىڭدە ئاكامنى تۇنۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى

سۈزۈك ئىكەن سىنىڭدە سودىگەرنىڭ چىرايى
بىلىم ئەمەس كىيىمكەن ئاياللارنىڭ خىيالى
بەزى بىرلەر نەپ ئۈچۈن بولۇپ قاپتۇ سەۋدايى
نەپسى گەپنى ئاڭلىسا ئۆچىدىكەن چىرايى
جىق گىپىمنى دىيەلمەي قويۇپ قايتتىم ئۈرۈمچى

ئېش پۈتتۈرمەك تەس ئىكەن سەندە سوۋغات پارىسىز
سوۋغات ئالماي بارغانلار ياندىكەن چارىسىز
دىدى بىرى، قۇرۇق قول مىڭىپ بىكار ھارىسىز
سىنى قاچان كۆرەرمەن جاراھەتسىز، يارىسىز
سىغىنغانغا مەن سىنى تويۇپ قايتىم ئۈرۈمچى

# مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ

پەسلى باردۇر قىزىل گۈلنىڭمۇ،
ئېچىلمايدۇ قىش-ياز ھەر كۈنى.
مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ،
ئەسقاتارمەن ساڭا بىر كۈنى.

تاش ئەمەسمەن تاشلاپ كىتەرگە،
قەدىرلەيمەن قەدرىمنى بىلسەڭ،
سۆيمىسەڭمۇ ياد ئېتىپ يۈرگىن،
ئەسلەپ قويغىن خىياللار سۈرسەڭ.

قىسمەتلەرگە تولغان ئالەم بۇ.
كۆرمىگەننى كۆرەرسەن تېخى،
بەڭباشلىقتا تاشلاپ كەتكەننى،
ئەلدىن ئىزدەپ يۈرەرسەن تېخى.

نۇر تىلەيمەن ئەقىل كۆزۈڭگە،
ئاقىللاردەك ياشىغىن يايرىم.
كىرەك بولسا ساڭا ۋاپادار،
مەندىن يىراق قاچمىغىن يايرىم

http://ilkitap.blogbus.com

# ئادەمدەك ياشا

قالمىسۇن ئىزىڭدىن ھايۋاننىڭ ئىزى،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.
پۇل تاپساڭ بولمايسەن تەڭرىنىڭ ئۆزى،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

خىيانەت بار جايدا دىيانەت يوقتۇر،
دىيانەت بار جايدا جىنايەت يوقتۇر.
ياخشىنىڭ نامىغا قىيامەت يوقتۇر،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

ئىت يۈرگەن گوداڭنى ئەگىيدۇ قاغا،
گوداڭغا ئۈگەنسەڭ غۇلايسەن غارغا.
مەلئۇنغا دوست بولساڭ يېقىنسەن يارغا،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

گەر بىر كۈن تۇرمىسا نەپسىڭ سولاقتا،
دەرت تارتار ۋىجدانىڭ ھەركۈن سوراقتا.

http://ilkitap.blogbus.com

قۇرۇت بولۇپ قۇترىما، كۆرۈنگەن قاتقا،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

ئەجرى يوق ئىنساندىن قارا يەر ياخشى،
قەدرى يوق مېھماندىن قەلەندەر ياخشى.
ئەمەستۇر دوستۇڭدىن دۈر،گۆھەر ياخشى،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

ئۆيۈڭنىڭ چاشقىنى، تاغلارنىڭ شىرى...
ھايۋان ئۇ، پايلايدۇ بىرىنى - بىرى.
ھايۋانسەن شۇلاردىن بولمىساڭ نىرى،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

بىر كەلدىڭ، بىر كەتتىڭ ئالەمدە يوقسەن،
تەقدىردە بەئەينى ئېتىلغان ئوقسەن.
يۈرسەڭمۇ گاھى ئاچ، گاھىدا توقسەن،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

http://ilkitap.blogbus.com

# رىستۇران

بىزگە سەنئەت سورۇنى تېپىپ بەردىڭ،رىستۇران ،
ناخشىنىمۇ دەل ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەردىڭ رىستۇران ،
ئۇزاپ تۇردى ھەرقىسىم تويى-توكۈنلەر ھەجەپمۇ ،
نان-توقاچنى سەن ئۆزۈڭ يىقىپ بەردىڭ، رىستۇران ،

زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ دىدىڭ،بىر بىغى ،
ئىشكىنى سەن باشلاپ،ئېچىپ بەردىڭ رىستۇران ،
خۇشاللىقىڭ ئاز ئەمەس بىزگە بەرگەن، ئەلۋەتتە ،
غەشلىكنىمۇ ۋە لىكىن تېپىپ بەردىڭ، رىستۇران ،

بۇزۇپ چاچتى بەزىلەر سەندىن چىقماي كۈن بويى،
دولىسىغا ئۇرغانچە قېقىپ بەردىڭ رىستۇران ،
ئەگىز ئاقسا خوش بولدۇڭ، ئىرىقىدا ئەخلاقىڭ ،
سۆزۈڭ سۇدەك سەن ئۇنى كېچىپ بەردىڭ رىستۇران،

سىلىپ قويدۇڭ بەس-بەسكە ھەددىدىن ئاشتى ھەشەمەت،
چاچمىغاننى سەن ئۆزۈڭ چېچىپ بەردىڭ ، رىستۇران ،
باھاسىدىن قورقمەن پۇكەيدىكى ملىگىنىڭ ،
بىركويلۇقنى بەش كويغا سىتىپ بەردىڭ ، رىستۇران ،

ئىچىدىغان بۇلۇپ قالدى چوكانلارمۇ ھىيقماي ،
ئىچەلمىسە،تەمنى تېتىپ بەردىڭ ،رىستۇران ،
سۆزلىگىنىڭ گۈزەللىك،كۆزلىگىنىڭ تامام پۇل ،
يامانغىمۇ جىنچىراق يىقىپ بەردىڭ ،رىستۇران،

يولى بارغۇ ھەر ئىشنىڭ ،چاتقال ساڭا نە ھاجەت،
چىشلىك بىلەن ئۇچكەڭنى چىقىپ بەردىڭ ،رىستۇران،
ئۇخلىمايسەن پۇل ئۇچۇن ،بايۋەتچىلەر ئىشرەتتە ،
ئاتىلىرىنى تۈن بويى بىقىپ بەردىڭ ، رىستۇران ،

http://ilkitap.blogbus.com

# بەرمىسەڭمۇ بەرمە قىزىڭنى

شەھرىمىزدەبىرتوي بوزۇلدى،
مۇھەببەتكە ئۇنۇپ شۇم تىكەن.
بەرمەس بوپتۇقىزىنىڭ ئانىسى،
سەۋەپ يېگىت سەھرالىق ئىكەن.

«ئىجاد»قىپتۇ ئۇقسام شۇندالار،
سەھرالىقنى داڭگال دىگەننى.
«كەشىپ»قىپتۇ يېزا سەھرانى،
ئادەم تۇرماس جاڭگال دىگەننى.

تەكتى ئەسلى بۇ شەھەرنىڭمۇ،
چۆل ئىدىغۇ جاڭگال ئىدىغۇ.
ئەسلەپ باقسۇن ئاشۇ خېنىملار،
بوۋىسىمۇ«داڭگال»ئىدىغۇ.

شەھەربولاي دەپ قالدى يېزا،
كۆرمەي تۇرۇپ جاڭگال دىمىگىن.
بەرمىسەڭمۇ بەرمە قىزىڭنى،
سەھرالىقنى داڭگال دىمىگىن.